ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق

# تەڭرىتاغ پاجىئەسى

«تارىخى داستان»

ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari

ئاپتورى:                ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق

نەشرگە تەييارلىغۇچى:    تۇرغۇنجان ئەھمەد

مۇقاۋا، بەتچىك، تەھرىر:    نۇرلان

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:    ئەركىن سابىت

2017-يىلى 6-ئاي

www.uyghurbahari.org

Email: info@uyghurbahari.org

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى



شائىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇقنىڭ دادىسى
قۇتلۇقخان



شائىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇقنىڭ ئانىسى
مەرەمنىساخان





شائىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە

شائىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق ئۇيغۇر مىللىي
ھەرىكىتىنىڭ پېشۋاسى، يازغۇچى سىدىقھاجى
روزى بىلەن بىللە






شائىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق ياپونىيەنىڭ پايتەختى
توكيودا ئېلىپ بېرىلغان بىرلەشمە نامايىشتا

2012-يىلى 5-ئاينىڭ 14-كۈنى

شائىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق ياپونىيەنىڭ
پايتەختى توكيودا ئېچىلغان 4-نۆۋەتلىك
دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدا شېئىر ئوقۇماقتا

2012-يىلى 5-ئاينىڭ 14-كۈنى





شائىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق  فىرانسىيە پايتەختى پارىژدا ئېچىلغان 5-نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتاي يىغىنىدا، قۇرۇلتاي رەئىسى رابىيە قادىرغا سوۋغا قىلماقتا     2016-يىلى 7-ئاينىڭ 14-كۈنى



شائىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق  فىرانسىيە پايتەختى پارىژدا ئېچىلغان 5-نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتاي يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن بىرگە  2016-يىلى 7-ئاينىڭ 14-كۈنى



شائىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق فىرانسىيە پايتەختى پارىژدا ئېچىلغان 5-نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتاي يىغىنىدا شېئىر ئوقۇماقتا 2016-يىلى 7-ئاينىڭ 14-كۈنى



شائىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق فىرانسىيە پايتەختى پارىژدا ئېچىلغان 5-نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتاي يىغىنىدا 2016-يىل 7-ئاينىڭ 14-كۈنى

## مۇندەرىجە

تۆرتلىكلەر................................................................. 1
ئونلۇقلار-ۋىجدان........................................................ 24
تەشۋىش............................................................ 2 5
مۇڭزارىڭنى ئاڭلاپ.................................................... 26
ئاشىقلىق ................................................................27
ۋەتەن .................................................................. 28
بەخت .................................................................. 29
مورات ..................................................................30
ئىلتىجا ..................................................................31
ھەسەت ..................................................................32
نامەرت ..................................................................33
شۈكرى ..................................................................34
تاماخور ..................................................................35
ئارمان ..................................................................36
تۆرتالىشىپ ..............................................................37
سۆيگۈ ..................................................................38
ئەقدە ..................................................................39
سېغىنىش ..................................................................40
ئىشەنچ ..................................................................41
هايا ..................................................................42
ھەتتاكى ..................................................................43
ئىشق ..................................................................44

ئۆرۈم چاچ ..................................................45
يار مەندىن ..................................................46
ئىنسان ..................................................47
ۋاپا ..................................................48
ئەپسۇس ..................................................49
سەۋر ..................................................50
يارسىز ..................................................51
رەنجىش ..................................................52
ئۆتۈنۈش ..................................................53
پاكلىق ..................................................54
سېغىنىش ..................................................55
ئىككى قۇتۇپ ..................................................56
دوستلۇق ..................................................57
ئىچى تارلىق قىلما ..................................................58
تۈگمەيدۇ دەرت ..................................................59
مەغرۇرلۇق ..................................................60
ھەقىقەت .................................................. 61
ھەيھات ..................................................62
تاماشا ..................................................63
ھەقكويلۇق ..................................................64
نوخسانسىز ..................................................65
ئىنساپ ..................................................66
كەچۈرۈم ..................................................67

ئامەت ........................................................68
ئادەم بولۇش ................................................69
ياخشلىق ......................................................70
ئۆزلىكنى......................................................71
دىيانەت ........................................................72
مەسئۇلىيەت ..................................................73
نومۇس .........................................................74
قىساس .........................................................75
مىراس ..........................................................76
هالاللىق ......................................................78
نېمە تېرىساق ................................................79
هايات-كۆرەش ................................................80
ئانا تىل .......................................................81
كۆڭلى قارا ...................................................82
ئۇلۇغلۇق تالىشىپ ..........................................83
پارە .............................................................84
هايات قانۇنى ................................................85
ئۆزگەرمەس ..................................................86
ئوييناشما .....................................................87
كەچۈرمەيدۇ ..................................................88
بەينەلمىلەل ..................................................89
بىر ئاتىدىن ..................................................90
هېسابى بار ...................................................91

ئۆتنه ئالەم ........ 92
ئانا يەر ........ 93
هايات قىزىق ........ 94
بۇلبۇل ........ 95
خورلۇق ........ 96
ئىتقاد ........ 97
مېھىر ........ 98
يەر مېھرى ........ 99
مەرۋايىت ........ 100
مەن دېمە ........ 101
گېدەيمە ........ 102
ياۋايىلىق ........ 103
رەنجىتمە ........ 104
ئۆلۈك ياشلار ........ 105
ئانا تەبىئەت ........ 106
ھەق گەپنى ........ 107
خاتىرجەملىك ........ 108
ئايىنىما ........ 109
يالغان ........ 110
ئاق چېچەك ........ 111
ھىجران ........ 112
جازا ........ 113
دىل ئازار ........ 114

ئارمان ........................................................ 115
بچارە ........................................................ 116
تېپشماق ........................................................ 117
كايش ........................................................ 118
ئۈنىگسز ........................................................ 119
بداۋا دەرت ........................................................ 120
قەسەمياد ........................................................ 121
بلمدىم ........................................................ 122
دۇنياخورلۇق ........................................................ 123
ئارمان ........................................................ 124
يامان ئىللەت ........................................................ 125
جۈپلك ........................................................ 126
پالتا ساپ ........................................................ 127
چالما ئېتىپ ........................................................ 128
جاسارەت ........................................................ 129
تالانت ........................................................ 130
شاھ بولسام ........................................................ 131
چاۋاك چېلىپ ........................................................ 132
بولالماس ........................................................ 133
قىزىق ........................................................ 134
ئازغۇنلق ........................................................ 135
بۇ يەر ........................................................ 136
شۈكۈر ........................................................ 137

هەقىقەت بولسا ........................................................138

كاتتىنا بايلىق ........................................................139

ساداقەت ........................................................140

ئۆمۈر ........................................................141

بىسوراق ........................................................142

جۈپتىك دۆلىتىك ........................................................143

تۇزاق ........................................................144

كەبنى بىلمەي ........................................................145

سۇبھانۇئاللاھ ........................................................146

ئۆتنە ئالەم ........................................................147

ياخشى ........................................................148

ھالاللىق ........................................................149

ئارمان ........................................................150

دوست ........................................................151

ھەيھات ........................................................152

خۇدا ساقلىسۇن ........................................................153

ئىنساپ ........................................................154

سېغىنىش ........................................................155

تەتۈر تەقدىر ........................................................156

ئۆمۈرنىك زاۋالى ........................................................157

ئېچىنىمەن ........................................................158

يۈرىگىم ........................................................159

ئىشەنچ ........................................................160

ئارمان ........ 161
ئىست ........ 162
تەلەي دىگەن ........ 163
ھەيرانمەن ........ 164
قىساس ........ 165
ھەقىقەت ئېگىلىدۇ ........ 166
جۆھەر دودائېدقا ........ 167
ئالتۇن مېدال ........ 168
قانخور شاھ ........ 169
غەم يېمە ........ 170
بەخت دېگەننى ........ 171
تۇۋا ........ 172
ئۇ شائىر ئەمەس ........ 173
ئامەت ........ 174
ئۇبود ئەلاخان مونولوگى ........ 175
دەيمۇ-دېمەيمۇ؟ ........ 176
ھەقىقەت بارمۇ؟ ........ 177
ئەرسىز ئايال ........ 178
ئىلتىجا ........ 179
بۇ ھايات ........ 180
جاسارەت ........ 181
ئانا تىلىم ........ 182
تەڭشەلمىگەن ئالەم ........ 183

مەرسيە .................................................184
خورلۇق .................................................185
ئادەم قەدرى .................................................186
پاجىئە .................................................187
دوللار .................................................188
ياخشىلىق .................................................189
غەم يوق .................................................190
سىر .................................................191
ئەزىم دەريا .................................................192
سەراپ .................................................193
ئەرىز .................................................194
ئىشق .................................................195
قەدىناس بەخمەتكە .................................................196
قەلەمداش دوستۇمغا .................................................197
شېئىر- تەگرىنىڭ تارتۇقى .................................................198
ئەلۋىدا .................................................201
مۇجاھىد .................................................203
ئوباماغا مەكتۇب .................................................206
مۇراجىئەتنامە .................................................212
دوپپامغا قاراپ مېنى توندىڭمۇ؟ .................................................215
قۇلىقىڭغا گېپىم ئېدى .................................................217
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ .................................................219
قەسەمنامە .................................................221

خەلق چاقچاقچىسى ........................................222
باللا دىلار – مۇڭلۇق قەبرى ...................................225
بوۋام مەقبەرىسى ........................................230
قىران قىسمىتى ........................................235
قەشقەر گۈزىلى ........................................245
بىركام دۇنيا ........................................253
سەييارە سەرگۈزەشتىسى ........................................259
كۆچكەن يۇلتۇز ........................................273
ساداقەت تىمسالى ........................................279
شائىر شامىغا ئوخشايدۇ ........................................284
بومبىلار قەبرىستانى ........................................290
ئېتقاد قورۋىنى ........................................301
ھىسابلىق دۇنيا ........................................313
ئۆتنە ئالەم ........................................322
ساتقۇن ........................................333
يار ۋە دىيار ........................................340
سەردار ........................................346
تەۋەرۈك توپا ........................................353
ۋاپا ........................................359
ئامانىنساخان ........................................368
ھىجران ........................................379
لوپنور پاجىئەسى ........................................384
داستانلار- ئۇيغۇر قىزى ........................................393

خەنجەر ........................................................................405

# تۆرتلكلەر

كىملەردىن قالمىغان بۇ ئۇزۇن ئالەم،
ئۇنىڭ باش ـ ئايىغىن كىم بەردى يېشىپ.
بەزەن كەڭ جاھانغا سىغماي كېتىمىز،
بولمىسا ئۈچ گەز يەر قالىدۇ ئېشىپ...

***

ئۆتمىگىن نامەرتنىڭ كۆۋرۈگىدىن سەن،
ھەلقۇمغا جان كېلىپ، سۇ ئاققۇزسىمۇ.
ئىچمىگىن ناكەسنىڭ تامچا سۈيىنى،
تەشنالىق گۈلخانغا تامچا سۈيىنى،

***

تاماگەر ئەمەسمەن ـ پاشالىغىم شۇ،
مىڭ شۈكرى قوساقنىڭ قۇلى ئەمەسمەن.
قول قىسقا بولسىمۇ تىلىم ئۇزۇندۇر،
ئۆزەمدىن ئۆزگىنىڭ قولى ئەمەسمەن.

***

تەڭشەلمىگەن دۇنيا دەيدۇ كونىلار،
بۇ ياشقا كېلىپتۇ تېخى تەڭشەلمەي.
توخۇمۇ، تۇخۇممۇ، بۇرۇن يارالغان؟
قانچىلار ئاۋارە شۇنى يېشەلمەي...

***

يەر ـ بىزنىڭ ئانىمىز، شەبنەم ـ كۆز يېشى،
بولمىسا بىلمىز تۇتار قارغىشى.
بىر پۈتۈن تېنىنى بۆلدۇققۇ يۈزگە
باشقا بىراۋ ئەمەس، پەرزەنت خاھىشى.

***

بۇ سېخى يەر ـ ئانا، بىز ئاڭا پەرزەنت،
بىزنىڭ تەشۋىشىمىز ئۇنىڭ تەشۋىشى.
بەلكى دەردىمىزنى ئۇ تولا تارتىپ،
ئۆپكىدەپ يىغلىشى ـ يەرنىڭ تەۋرىشى.

***

ھېلىمۇ ئانا يەر يەككە ـ يېگانە،
قەرىزدار ئۇنىڭغا بىلسە ھەر كىشى.
بەلكى چاقماق بولۇپ كۆرۈنسە قەھرى،
دەريا بولۇپ ئاقار بەلكى كۆز يېشى.

***

ئەخمەق بوپ ئالدىنىپ، توپا تاشلىما،
بۇلدۇقلاپ تۇرغان پاك بۇلاق كۆزىگە.
ئۇسسساڭ، سۇ سۇنغان ئەشۇ ئۇنتىما،
ئۇ ئابى ھاياتنى يىققان ئۆزىگە.

***

ئەغيارغا باش ئەگسەڭ، بەختىڭ قارادۇر،
باش ئەگسەڭ، ئالىيار نومۇس —ئارىڭغا،
بېشىڭنى سىلىغان بولۇپ، بويىنۇڭدىن
ئاسىدۇ، كۆز قىسىپ سۆيگەن يارىڭغا.

***

بۇ دۇنيا —شاتلىق ۋە غەمنىڭ خانىسى،
ھېچ كىمنىڭ رايىغا باقمايدۇ ئالەم.
ئالەمنىڭ تەشۋىش يەتمىگەن كەبى،
ئادەمنىڭ تەشۋىشى قىلىدۇ ئەلەم.

***

ئاڭلىسام، بېشىڭغا قۇزغۇن قونۇپتۇ،
ئىشەنمە، "مەن بەخت قۇشى" دېگەنگە.
قۇزغۇننىڭ ئادىتى كۆزنى چوقۇيدۇ،
تويماستىن تېنىڭنى تىتىپ يېگەنگە.

***

خائىنلار دەردىنى كۆپ تارتقان خەق بىز،
مىڭ شۈكرى، شۇ دەرتتىن يارالدىم خالى.
يە مەنسەپ تاما قىلىپ، خەقنى ساتمىدىم،
بوينۇمدا ھېچ كىمنىڭ يوقتۇر ئۇۋالى.

***

ئالەمدە ئەربكتىن ئارتۇق نېمە بار،
شۇ يولغا ئۆمرۈڭنى قىلساڭ گەر ئاتا.
رەقىبنى رەپىق دەپ، يارىڭنى ئەغيار،
بىر ئۆمۈر تۈزەلمەس قىلمىغىن خاتا.

***

ھەر بالا كەلسىمۇ دوستۇڭنى ساتما،
ساتقىنىڭ —ئۆزەڭنىڭ سېتىلغىنى شۇ.
ساتقىنىڭ —ئەجەلدىن بۇرۇن ئۆلگىنىڭ،
غايىپتىن بىر ئوقنىڭ ئېتىلغىنى شۇ.

***

بىلمەن، بىراۋغا مەن يۈك بولمايمەن،
بىلمەن، جاھانغا تۈۋرۈك بولمايمەن.
بىلمەيمەن، ئەتىكى كۈنۈم نە بولار،
بىلمەن يامانغا كۆرۈك بولمايمەن.

***

بىر تۇخۇم تۇققانغا شۇنچە قاقاقلاپ،
جاھانغا جار سالار قەغىش مېكىيان.
ئۇ يادقا سالىدۇ تۈگمىدەك ئىش قىپ،
تۆگىچە كېرىلگەن ئەخمەقنى ھەر يان.

***

ئادەمگە ھاۋشىماق ئىشتىلارغا ئادەت،
ھاۋشىماي تېچ تۇرسا، ئىشت دەمدۇ ئۇنى.
بىر بۇردا ناننىڭ ئۇ بولۇپ غېرىۋى،
ھاۋشىيدۇ بۇرچۇم دەپ بىلەر ئۇ شۇنى.

***

ئالتۇن ئاز ئۇچرايدۇ، شۇڭا ئۇ قىممەت،
شۇڭا ئۇ ئىززەتتە —قولدا، قۇلاقتا.
تاش تىللا بولغىچە كۈنگە قاخلىنىپ،
مىڭ يىلچە يۇيۇلار ئېكەن بۇلاقتا.

***

دۇنيادا داۋاسىز دەرت بار دەيدىغان،
داۋاسىز بىر دەرتكە بولدۇم مۇپتىلا.
سورىسام دەردىمگە داۋا بارمۇ دەپ،
دېيىشتى جۇدالىق دەردى بىداۋا.

***

پاكا ـ پەس تاغلارنىڭ قارى بولمايدۇ،
پەسلىك كېسىلگە دورا بولمايدۇ.
نامەرت كۆپ مۆرەيدۇ سۈتسىز ئىنەكتەك،
ئاما مەرتنىڭ ئاھۇ ـ زارى بولمايدۇ.

***

هەر كىشى ئۆزىدە يوقنى ئىزدەيدۇ،
ۋىجدانسىز ئار ھەقتە تولا سۆزلەيدۇ.
"ۋەتەن!" —دەپ كۆكسىنى كەرگەن بەزىلەر،
ۋەتەندىن يە مەنسەپ، ئابروي كۆزلەيدۇ.

***

ئەسلىدە كەڭگە —كەڭ، تارغا —تار جاھان،
كۆڭلى كەڭ ئادەملەر ئەزىز بولىدۇ.
ئەگەر پاك ۋىجداننى قىلمساڭ ناپاك،
مەرتىۋەڭ شاھتىنمۇ ئېگىز بولىدۇ.

***

تىلىگىم: ناكەسكە مېنى يار قىلما،
چالا كۆرەڭ پەسكە مېنى يار قىلما.
بىر ئۆمۈر بەختسىز قىلساڭ مەيلى قىل،
سارغايتىپ ئىككى ئۆز نەسكە يار قىلما.

***

ئىنسانىي بورۇچتىن ۋەز ئوقۇسام،
ئادىمىي خىسلەتكە مەن مۇھتاج تۇرۇپ،
بۇ ئىشىم تۇيۇلار خەققە كۈلكىلىك،
گادا مەن دېگەندەك باشتا تاج تۇرۇپ.

***

ئانىغۇ مېھرىبان، غەمگۈزار ئاتا،
ئۇ ماڭا ھاياتلىق قىلغانىغۇ ئاتا.
مەن قانداق خۇش قىلاي، دېسەم دەيدۇ ئەل:
"ئاتاڭنىڭ ئارمىنى ئۈچۈن جان ئاتا!"

***

بىر پەرى ناز ئىلە باققاند ساڭا،
ئەقلىڭدىن ئادىشىپ قالما غەپلەتتە.
ۋىجداننى ئالدىما، ئەگەر ئالدىساڭ،
بىر ئۆمۈر قالىسەن دەرتتە ـ ھەسرەتتە.

***

دېسە تىل كۆيىدۇ، دېمىسە بۇ دىل،
ھەر كىشى يوقتىپ قويسا بەختىنى.
بەرمەيدۇ ياۋ دېگەن يالۋۇرغانغا ھېچ،
ئۆزلىرى تەسلىكتە ئالغان تەختىنى.

***

بېشىڭدا ياۋ پىچاق بىلە تۇرسىمۇ،
ئاگاھ، بول ئالدانما قۇرۇق ئەمچەككە.
قەرىزدار بوپ قالماي دېسەڭ ئەۋلاتقا،
كۈرەشمەي يەتكىلى بولماس تىلەككە.

***

پۈۋدەپ، ئۆچكەن ئوتنى ياندۇرۇش مۈمكىن،
پۈۋدەپ، يانغان ئوتنى ئۆچرىش مۈمكىن.
دىلمدا ئۇزۇندىن كۆيدۇ بىر ئوت،
نە ئۇنى ئۆچرىش، كۆچرىش مۈمكىن.

***

بەلكى ئەل چاكارى بولۇپ قالىمەن،
ۋەتەننى ئويلىسام تولۇپ قالىمەن.
قەلەمنى تۇتقازغان ۋەتەن ئۆزىدى،
ئايرىلسام ئۇنىڭدىن سولۇپ قالىمەن.

***

ئادەم بەخت ئىزدەپ نەدە يۈرمىدى،
نە كويغا چۈشۈپ ئۇ خيال سۈرمىدى.
تەڭلىك ساندۇغىنىڭ ئاچقۇچىن تاپقان —
بۇ ئالەم تېخىچە ئادەم كۆرمىدى.

***

قارغىنى قانچە بېقىپ كۈتكەن بىلەن،
بۇلبۇلدەك دىلغا ئارام سايرىمايدۇ.
قارغىنىڭ قار تىلەشلا بار ئارمىنى،
شۇڭا ئۇ بۈركۈتلۈككە يارىمايدۇ.

***

هۆكمىدىن ئايلىنار پۈتۈن يەر شارى،
مېھرىدىن قوزغىلار يۈرەكنىڭ تارى.
ئالەمدە ئۈيغۇرغا ئەرىك تەگمىسە،
مۇڭ بىلەن بۇغۇلداپ قالار دۇتارى.

***

كۈن چىقىدۇ غوراز قىچقارمىسىمۇ،
كۈن پاتىدۇ بىرەۋ پاتما دېسىمۇ.
پەلەكنىڭ گەردىشى قولۇڭدا ئەمەس،
غەمدىن تارت ئۆزەڭنى تارتما دېسىمۇ.

***

بەش مىليارد ياشقا كىرىپتۇ بۇ يەر،
ئۇنىڭ ئاق چېچىغا سالغىن بىر نەزەر.
كۆز يېشى دەريادۇر، ئۇنىڭ دەردى تاغ،
تەۋرەيدۇ تەشۋىشتىن ئەيلەپ ئۇ ھەزەر.

***

كەمتەرلىك تونىنى كىيىپ تۇغۇلساڭ،
دەيسەن ئاي ئەمەسمەن (ئاي كەبى تولساڭ).
ئۆزەڭنى ئۆزگىدىن كەم دەپ ئۇتسەن،
بۇ بىلىم بابىدا ئەللاما بولساڭ.

***

ئويلايدۇ ئوغلانلار دايىم نېمىنى،
نېمىنىڭ بۇنچىلا يەيدۇ غېمىنى؟
يەيدۇ ئەل غېمىنى، مەرتلەر يېمىسە،
نامەرتلەر بوغمامدۇ جاھان دېمىنى.

***

ئادەملەر ئامانەت ئۆتكۈنچى دەملەر،
ئامانەت بۇ دەملەر بىلىڭ، ئادەملەر!
نېمىچۈن ھاجەتكىن كۆڭۈل ئاغرىتىش،
كىم ئۈچۈن كېرەككىن كۆزدىكى نەملەر.

***

ئادەمنى ئەسلىدە ئادەم تۇغىدۇ،
شۇڭلاشقا بولمىغى كېرەك ساھابەت.
ئادەمنى مىڭ ئەپسۇس، ئادەم بوغىدۇ،
نەدىن تۇغۇلدېكىن بۇ دەرت قاھابەت؟!

***

ئادەملەر تۇتمىسا ئېدى ئاداۋەت،
دوسلۇقنى قىلسېدى ئەدەبىي ئادەت.
قۇياشنىڭ سېرىغىن كۆرۈپ يۈرۈشنىڭ
ئۆزى بىر بىلگەنگە بەخت ـ سائادەت.

***

ئەل دەيدۇ "تاش  ـــچۈشكەن يېرىدە ئەزىز!"
تۇغۇلغان تۇپراققا پۈكۈپ ئۆتكىن تىز.
ئۇنۇتساڭ ئۇنتىغىن مەيلى ھەممىنى،
ئېلىڭنى ئۇنۇتما، تۇزىمايسەن ھەرگىز.

***

قارىسام، كۆزۈڭدىن كۆڭلۈڭنى كۆردۈم،
تاڭدىكى شەبنەمدەك كۆڭلۈڭ مۇسەپپا.
كۆيسەم ساڭا كۆيدۈم، كۆيۈش گۇنامۇ؟
قىممەتتۇ ساپ سۆيگۈ تۈپەيلى ۋاپا.

***

ئاق لەيلى لايدىمۇ ئېچىلاركەن ئاق،
ئاق كۆڭۈل ئادەمدەك قوزغاپ ئىشتىياق.
مابادا بۇ كۆڭلۈڭ قارا بولمىسا،
ھەر جايدا ساڭا كەڭ ئېچىلار قۇچاق.

***

چېچىڭنى ئاقارتقان، ئانا، ياشلىغىم،
قەدرىڭنى بىلمىگەن شوخ بەڭۋاشلىغىم.
كىرپىگىم سۈپۈرىپ، كۆزۈم سۇ سەپسۇن
يولۇڭغا، نەدە سەن، ئاپپاق چاچلىغىم؟

***

ئىشقتىن بىخەۋەر يارىلىپ قالما،
بەرگىنگىدىن بىمەھەل قارىلىپ قالما.
قولۇڭدىن، پۇتۇڭدىن ئايرىلساڭ، ئايرىل،
ۋە لېكىن ۋەتەندىن ئايرىلىپ قالما.

***

ئۇيغۇرمەن، مەغرۇرمەن، شۇڭا غۇرۇرمەن،
شەرىقتە دەسلەپتە يارالغان نۇر ـ مەن.
مەھمۇتتەك، يۈسۈپتەك بوۋام تۇرغاندا،
كىم ماڭا دەلەيدۇ سېنىڭدىن زورمەن!

***

ھاردۇقلۇق ۋەتەندە يۈرگەندە چىقار،
دوست بىلەن سەپ تۈزۈپ كۈلگەندە چىقار.
كۆيۈگى بېسىلماس تۇغۇلغان يۇتنىڭ،
دەردىنى سورىساڭ ئۆلگەندە چىقار.

***

شائىر "قۇياش بىلەن ئايغا غوجايىن"،
دېيىشەر بەزىلەر، بۇ گەپ ناتايىن.
ئەل ئەلا بىلسىمۇ شائىرنى شاھتىن،
شائىر ئۆزىنى قىلماس شاھلىققا تايىن.

***

ۋەتەندىن ئايرىلساڭ كۆل بولغىنىڭ شۇ،
يىلتىزى قۇرىغان گۈل بولغىنىڭ شۇ.
ۋەتەندە پادىشا بولساڭ، ئايرىلساڭ —
ئىختىيارىڭ بىلەن قۇل بولغىنىڭ شۇ.

***

نېمىشقا گۈل كۆڭۈل ئاچار، بىلەمسىز،
دىماققا خۇش پۇراق چاچار، بىلەمسىز؟
ھەممىنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تارتقان
گۈل —ئەسلى بولغانكەن ساھىپجامال قىز.

***

جان دوستۇم، يۈرەكنى دەمسەن بېجىرىم،
ئۇ كۆيسە، كۆيگەندۇر ئىشقىڭدا ئېلىم.
نېتەي تەرىپىڭگە يەتكۈزەلمەي تىل،
چاك كەتسە، كەتكەندۇر ئەزىز، ۋەتىنىم.

***

ئادەمنىڭ پۈتمەسكەن ئارزۇ-ھەۋىسى،
ئالەمنىڭ ئوڭشالماي تۇرۇپ ھاۋاسى.
يۈرىكىم موجۇلار دېسەم ئۇيغۇرنىڭ —
قالارمۇ قىيامەت كۈنگە داۋاسى...

***

ئاتامنىڭ قەبرىگە تاشمۇ قويمىدىم،
تاختىغا تۆرت ئىلىك خەتمۇ ئويمىدىم.
مەن ئۆچۈن جان بەرگەن ئاتا قەدرىنى،
ئاھ، ئاتا بولغىچە، ئەپسۇس، تۇيمىدىم.

***

ئاقۋاش ئانىلارغا ئېگىمەن مەن بش،
سەۋەپ ئۇ غەمگۇزار ئانامغا قاياش.
ئانامنىڭ مېھرىنى ئۆلچىمەك بولسا،
قۇياش تارازىغا بولالمايدۇ تاش.

***

ئانا ئائىلىنى يورۇتقان چىراق،
پىلىكتۇر ھەر تېلى چاچلىرىنىڭ ئاق.
ماڭا ئۆمۈر بەرسە، قىسقارتتىم ئۆمرىن،
شۇڭا تا بىر ئۆمۈر قىينايدۇ پىراق.

***

خىيالەن چېچىگنى سىيپاپ تارايمەن،
ئاھ، مۇڭلۇق قەبرىگگە غەمكىن قارايمەن.
ئويلىسام قەدرىگنى بىلمىگىنىمنى،
باشقىدىن باغرىمغا بىر ئوت قالايمەن.

***

ئانىلار ھەققىدە كۆپ ئېيتىلدى گەپ،
دەرھەق، بۇ مەدھىيە مېھرىگە تالىق.
دۆلىتىم ئاتامدۇر، ئانامدۇر دېسەم،
كىم دەيدۇ ئۇلارنىڭ مېھرىنى چاغلىق.

***

مەنمۇ بۇ ھاياتنى ياخشى كۆرىمەن،
ئۇنىڭغا دەللىلىم —غېمىنى يېگىنىم.
ھەقىقەت ئاچچىققۇ، مېغىزى تاتلىق،
گۇنامۇ ھەق گەپنى مېنىڭ دېگىنىم.

***

مەن ساڭا سىر ئېيتقان سىرداش بولغىلى،
سىر ئېيتقان يوللاردا يولداش بولغىلى.
بىلسەڭ، سىر ساقلىماقلىق —دوستقا چوڭ سىناق،
ئېيتمىغان ساتقىلى، كۆز ياش بولغىلى.

***

باشقا بىر بالادۇر، ئەسقاتماق تۆگۈل،
ماڭلاي تەر تۆكمەستىن تاپقان تاپاۋەت.
بىر ئۆمۈر جاپادۇر، مىڭ بىر تاپادۇر،
بىر ھازا شاھانە سۈرگەن ھالاۋەت.

بۇ قانچە ۋەھشىلىك، بۇ قانچە دەھشەت،
بىرى ئازاپلانسا، تۇيۇلسا راھەت.
بىرى زار يىغلىسا، ئاھ، كۈلسە بىرى،
بىر دەمسەن شۇ كۈلگەن دىلدا دىيانەت.

***

بىرى ئادەم لايدىن يارالغان دېسە،
ئىشەنمەيمەن گۆزەل گۆزەل كۆزنگە باقسام،
بىرى ئادەم ئايدىن يارالغان دېسە،
راستەك تۇيۇلىدۇ ئۆزنگە باقسام.

***

مەرت ئادەم ھېچ كىمگە يېگانە بولماس،
نامەرتلەر ھېچ قاچان مەردانە بولماس.
نۇر ئېمىپ، تاش تىللا بولىدۇ، بىراق،
كۆرۈنگەن تاشلاردا دۇردانە بولماس.

***

كۈندۈزى ئاپتاپسىز، ئاخشىمى ئايسىز،
كۈن كۆرۈش مۈشكۈلمەس ھەتتاكى يارسىز.
ياخشى ۋە يامانغا دايىم يار-يۆلەك،
مۈمكىنمۇ كۈن كۆرۈش بۇ قارا يەرسىز؟

***

رو چىۋىن ئۇچماقتا قانىتىنى سوزۇپ،
قانىتى بولسىلا بۈركۈت بولالماس.
قارغىمۇ يۈرىدۇ تېزەكنى چوقۇپ،
قامىتى بولسىلا بۈركۈت بولالماس.

***

ماڭا چىن دوست كېرەك، ياۋ بار يەتكىدەك،
ئەغيار بار پىل بولساڭ، پىستەك ئەتكىدەك.
ئاق كۆڭۈل دوست كېرەك ئۇزۇن سەپەردە،
ياۋ دېگەن ياۋاندا تاشلاپ كەتكىدەك.

***

دېپىشەر ئەزەلدىن مىراس دەخلىسىز،
بار مېنىڭ ئاتامدىن مىراس دۆلىتىم.
بولامدۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق مىراسمۇ،
دۆلىتىم بولمىسا، بولماس سۆلىتىم.

***

نائەھلى ئادەمنىڭ بېلى بوش بولار،
ئۇ ئۇزۇن يوللاردا يولداش بولالماس.
سىر ئېيتساڭ، ئۆزگىگە ئېيتىپ خوش بولار،
مۇڭ ئېيتساڭ، مۇڭۇڭغا مۇڭداش بولالماس.

***

دەردىم يوق دەپ ئانچە كېرىلىپ كەتمە،
دەردى يوق ئادەمنى دەيدۇ ئەل كېسەك.
بىر ئادەم يىغلىسا ئېچىنماي، كۈلسەڭ،
سېنىڭ ئادەملىگىڭ تۇغدۇرمامدۇ شەك.

***

شېئىرنى يە شاتمەن، يە دەرتمەن يازسۇن،
ئەمەكچۈن يازغاندىن يازمىغان پەرىز.
كۆيۈشنى بىلمىسەم، ئۆچەي بىخسىماي،
شېئىر ئۆچۈن خەلقىمگە بولۇپ قالماي قەرىز.

***

تۈنلىرى غېمىڭ يەپ، كىرپىك قاقمىسام،
تارتقىنىم ئازاپ ئەمەس، ئارام تۇيۇلار.
مابادا ھۆسنۈڭنى سودىغا سالسام،
تاپقىنىم ھالالمەس، ھارام تۇيۇلار.

***

يار بولار سېنىڭچە ھېچ مادار بولماس،
گەر مادار بولسمۇ، خېرىدار بولماس.
مابادا بىر ساڭا بولسام بىۋاپا،
سېنىڭ ھەق ھۆكمىڭدىن ئېگىز دار بولماس.

***

دايىما بىدەرتمەن دەيسەن، بىلمەيسەن،
دەردىڭنىڭ يوقلىغى بىر دەرت ئەمەسمۇ.
بىرەۋلەر ئىگرىسا، كارىڭ بولمىسا،
بۇ دەردىڭ ۋابادىن دەھشەت ئەمەسمۇ؟!

***

يە ساڭا ئېيتقىدەك گېپىم بولمىسا،
نە ھاجەت تۈنلىرى بىدار ئۆتۈشكە.
شېئىردا يە ئەلگە نېپىم بولمىسا،
ئوخشايدۇ توخۇدىن ئۇ سۈت كۈتۈشكە.

***

شائىرلار ھەق گەپنى ئېيتمىغى كېرەك،
ھەق گەپنى ئېيتىش ئۈچۈن كېرەك شىر يۈرەك.
شائىرلار ئېيتمىسا دىلدىكى گەپنى،
كىم ئېيتار ھەق گەپنى ئۇنىڭدىن بۆلەك!

***

بارغان چاغ بۇ دۇنيا تىنك يار بويىغا،
چۈشتۇققۇ قۇتقۇزۇپ قېلىش كويىغا.
ئامبارلار ئاتومغ تولماستىن تۇرۇپ،
ئادەملەر كەلمىدى ئەقىل ـ ئويىغا.

***

مۆشۈك: "يولۋاس بىلەن ئەجدادىمىز بىر"،
دەپ ئۇنىڭ يېنىدا ئۆمۈر سۈرگەندى.
يولۋاس ئۆلۈپ، شاھلىق ئورنى بوشىغاچ،
يىغلاشنىڭ ئورنىغا مۆشۈك كۈلگەندى.

***

ئەسلىدە گىتلېرنى ئەجداتلار يەڭدى،
غەلىبىدىن گەپ ئاچسا بىز يەڭدۇق دەيمىز.
ماختىنىپ يۈرگىدەك بىزمۇ ئىش قىلماي،
ئاتىلار جۇگىسىدا نېچۈك تەرلەيمىز...

***

مېنى يەر يەلكىدە كۆتىرىپ تۇرسا،
نېمشكە پەلەكنى قىلىمەن ئارمان.
يۇلتۇزلار كۆز قىسىپ قويغىنى بىلەن،
چىللاپ تۇرغىنى يوق مېنى ئۇ ئاسمان.

***

بۇغداينىڭ بانىسى قارىمۇق سۇ ئىچىپ،
بىر مەھەل ئۇ دەۋران سۈرەر —ئۇ دەۋران.
بۇ ھايات غەلۋىردەك ئارىيدۇ بىر كۈن،
بۇغداينى —بۇغدايۇ، ساماننى —سامان.

***

قۇياش بوپ قېلىشنى قىلغىچە ئارمان،
ئاي بولۇپ، تۈندە يول يورۇتقان ياخشى.
ئاي، ئاپتاپ بولۇشقا يەتمىگەچ دەرمان،
شام بولۇپ، نۇر قەدرىن تونۇتقان ياخشى.

***

بىز تىرىك بۇ تىلسىم تەبىئەت بىلەن،
بۇ سىرلىق تەبىئەت سېخى ئانىمىز.
بولمايدۇ قوينىغا سوغاق قول سېلىپ،
بۇ يولدىن يانمىساق، كۆيۈپ يانىمىز.

***

يۈرىگىم سىقىلار تاغدىن تاش كۆچسە،
بۇ ئۆمۈر شۇ بىلەن تۈگەمدېكىن دەپ.
يۈرىگىم سىقىرار بىر يۇلتۇز ئۆچسە،
كىمدۇ بۇ دۇنيادىن ئۆتەمدېكىن دەپ.

***

ھەق گەپنى ئېيت، شائىر، ھەتتا ئالدىڭدا،
قاتىللىك قىلىچىن بىلەپ تۇرسىمۇ.
ھەق گەپنى ئېيتقانلار قالار يادىدا،
ئېيتمامسەن، ئەل زارقىپ تىلەپ تۇرسىمۇ.

*******

**ئەزەلدىن كۆپ سۆزنى ياقتۇرمايدۇ ئەل،**
**كۆپ سۆزلەر ئەقلىنىڭ ئۇ كاملىغىدىن.**
**بازارغا نەزەر سال، توختىماي باققال**
**ماختايدۇ مېۋىسىن بېتاملىغىدىن.**

*******

**يوللارنىڭ نە بېشى، ئايىغى بولماس،**
**ئۇ ھەتتا پەزاغا قاراپ ئالدى سول.**
**ئۇزۇن يول يەر بىلەن ئاينىڭ يولىمەس،**
**دىل بىلەن دىل ئارا ياتار ئۇزاق يول...**

*******

**ھالاللىق —زور بايلىق تۈگمەيدىغان،**
**بېشىڭغا كۈن چۈشسە، ئۇنداق تىرەك يوق.**
**ئەسلى ھالاللىقتىن ئارتۇق يۆلەك يوق،**
**ئۇنىڭدىن ئۆزگىسى ماڭا كېرەك يوق.**

*******

**ئويناشما، بۇ ئانا تەبىئەت بىلەن،**
**ئويناشما، ئويۇنىڭ چىقار بېشىڭغا.**
**زەھەرلەپ توپراقنى، دوستۇم، ئاقىۋەت،**
**ئوغا سېپ ئىچەمسەن كېيىن ئېشىڭغا.**

***

خوشامەت —ساداقەت نىشانى ئەمەس،
خوشامەت —ئەسلىدە نەپرەتتىن يامان.
خوشامەت —مۇرتەدنىڭ قالقان —قۇرالى،
مىڭ شۈكرى شۇ دەرتتىن بولغاچقا ئامان.

***

گەر ئېرىق قىنىدا تولۇپ ئاقمىسا،
ئانا تەبىئەتنىڭ بۇزۇلغىنى شۇ.
گەر ئاتا رايىغا بالا باقمىسا،
شۇغۇ جەمىيەتنىڭ بۇزۇلغىنى شۇ...

## ئونلۇقلار
## ۋىجدان

ماگلىيىگغا يىزىقلىق ئەمەس،
كىملىگىگنى بىلىپ بولمايدۇ.
ياخشىمۇ سەن ۋە ياكى يامان،
كۆڭلۈگگە قول سېلىپ بولمايدۇ.

ئامما پاك ۋە ناپاكلىغىگنى
ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بار، ئىنسان،
ئېيتىپ بېرەر قانداقلىغىگنى
تارازىغا تاش بولۇپ مىزان.
ئۇ نېمە دەپ سورارسەن بەلكى،
ئۇ —ۋىجدان!

## تەشۋىش

يارالغاندىن بېرى بۇ دۇنيا
تەشۋىش بىلەن ئايلىنار بۇ يەر.
تەشۋىش بىلەن تەۋرەيدۇ بەزەن،
كىملەردىندۇر ئەيلەپ ئۇ ھەزەر.

ئەسلى بىزغۇ پەرزەنت، ئانا ــ يەر،
نېچۈك غەمدىن بولماس ئۇ خالى.
قان تۆكۈمىز دەسسىگەن يەتمەي،
تېچ ياشاشنىڭ يوقتەك ئامالى.
يەرسىز ئۆتمەس بولمىسا بىر كۈن،
تۇتمىسۇن بۇ يەرنىڭ ئۇۋالى.

## "مۇڭزارنى" ئاڭلاپ

يار ئېدىڭمۇ ، ئەغيار ئېدىڭمۇ ،
يە شۇنچىلا غېمىم يېدىڭمۇ!
ئەرشىن تاردا "مۇڭزارنى" كۈيلەپ ،
ئاڭلاپ مېنى ئۆلسۇن دېدىڭمۇ؟!
يۈرىگىمنى ئەزدىڭغۇ موجۇپ ،
مېنى دەتسىز دېگەنسەن چاغلىق.
ئېيتىش ئۈچۈن "مۇڭزارنى" دۇتار ،
ئون بەش يەردىن بېلى باغلاقلىق.
دەردى بارلار باردۇر جاھاندا ،
ئاما يوقتۇر مېنىڭ قاتارلىق.

# ئاشىقلىق

تۇۋۋا ، دەيمەن ، ئاشىقمەن دېسەڭ ،
شۇنداق دەمدۇ ئاشىق بولغانلار.
ئاشىق بولۇش ئۇ ئوڭاي دەمسەن ،
ئاشىق بولار جاندىن تويغانلار.

ئاشىقلىقنىڭ باردۇر ھېجرانى ،
ئاما ئۇنىڭ يوقتۇر ۋىسالى.
بىلەلمىدىم بۇ جاھان ئىچرە
بارمۇ تېگى ، بارمۇ تىمسالى.
كۆرۈنگەنگە بولماس ئۇ نېسىپ ،
خۇددى بەخت قۇشى مىسالى.

## ۋەتەن...

يادىڭ بىلەن ياشايمەن، ۋەتەن،
سەنسىز تەمسىز تۈيۈلار ھايات.
ئىشقىڭ بىلەن ئۆرتىنەر بۇ تەن،
مېھرىڭ بىلەن باغلىنار قانات.

سىم ـ سىم يامغۇر ئۇ يامغۇر ئەمەس،
ئۇ كۆز يېشىم تامغان قوينۇڭغا.
سېغىنىشىم —شورلۇق شۇ يېشىم
كاشكى، مونچاق بولسا بوينۇڭغا.

سەنسىز ھايات تېتىيدۇ تەمسىز،
سەن بىلەن شاھ، گاداي مەن سەنسىز...

## بەخت

سەن سۆيدەردىڭ، سۆيمسەڭ —سۆيمە،
ئىشق ئازابىنى تەنها مەن تارتاي.
سەن كۆيدەردىڭ، كۆيمسەڭ —كۆيمە.
مەن ئوتتۇڭدا ئۆرتىنىپ ياناي.

رازى بولاي، كۆيگىنىم هەققى،
كۆيگەندى دەپ ئېسىڭگە ئالساڭ،
سۆيمسەڭمۇ، سۆيگىنىم هەققى
سۆيگەندى دەپ، يادىڭغا سالساڭ.
شۇ ئەمەسمۇ بەخت دېگىنى،
يار يادىدا مەڭگۈگە قالساڭ.

## مۇرات

چىراق بولساڭ، بولدۇم پەرۋانە،
ئەگىپ ـ ئەگىپ كېتەلمىدىم ھېچ.
بىر قارىساڭ، بولدۇم مىڭ دانە،
قارا قېشىڭ قاش ئەمەس —قىلىچ.

مەن ئىشقىڭنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن
پەرۋانىدەك ئۆلەيمۇ ياكى،
يەتمىگەنكەن ھېچ كىم مۇراتقا
ئۇشبۇ جاھان يارىلىپ تاكى.
كۆن ئىشقىدا كۆيۈپ كۆل بولغان،
ئاي ئۆزىدە داغ بار ھەتتاكى...

## ئىلتىجا

يە يادىمدىن كەيتمەيسەن نېرى،
يە يەتمەيسەن مېنىڭ ھالىمغا.
جىمى جاھان ئۆرتەنسۇن دەمسەن
پەريادىمغا —مېنىڭ نالىمغا.

ئاينى بەرسە ھەرگىز ئالمايمەن،
ھەتتا سېنىڭ بىر تال خالىڭغا.
قاراپ ـ قاراپ زادى قانمايمەن،
ئايدەك گۈزەل گۈلجامالىڭغا.
يە يەتمەيسەن مېنىڭ ھالىمغا،
يار، قالمىغىن سەن ئۇۋالىمغا.

## ھەسەت

قاينام بولۇپ ئۇچقان قارغىلار،
تېزەك تاپسا، ھەر يان بۇلايدۇ.
كۆرۉپ قالسا كۆكتە قىراننى،
پەستە تۇرۇپ تامدىن غۇلايدۇ.

قارغا دېگەن كۆڭلى قارىدە،
توپ بوپ قىران يولىن تورايدۇ.
يە پەرۋازدا ئاڭا يېتەلمەي،
ھەسەت قىلىپ، ئورا كولايدۇ.
قانچە قىلغان بىلەن قارغىلار،
بۇ پەزانى بۉركۉت سورايدۇ...

## نامەرت

سېنى يامان دېگەن بەزىلەر،
كىملىگىڭنى دېمە بىلمەيدۇ،
بىلىدۇ!
دوستلار ھەرگىز ئۇنداق دېمەيدۇ.

نامەرت دېگەن نېمە دېمەيدۇ،
باش بېقىشىپ، زاۋال تىلەيدۇ.
سېنى كۆرسە، ساختا ھېجىيىپ،
يەك ئىچىدە پىچاق بىلەيدۇ.
ئاينى ئېتەك بىلەن ياپالماي،
داغدا قالغان چاغد كىنەيدۇ...

## شۈكرى

قانچە يىل بولدى مانا سەكپارىمەن،
سۆيگۈمنى ئىپتالماستىن سۆيگۈنىمگە.
بىر قىيا باقمىسمۇ ئاۋارىمەن،
مىڭ شۈكرى چۈشۈمدە بىر كۆرگىنىمگە،
كۆرگىنىم گۇۋا ئەمەسمۇ كۆيگىنىمگە.

مىڭ ئەپسۇس، سۆيگۈنۈمنى ھېچ سەزمەيدۇ ئۇ،
شۇندىمۇ ئەگىپ ئۇنى كېتەلمەيمەن.
بەلكىمبا پاك سۆيگۈنىڭ خىسلىتى شۇ:
ئىشقىمنى ئاڭا ئىزھار ئېتەلمەيمەن،
ۋەسلىگە يە يېتىمەن، يېتەلمەيمەن.

# تاماگەر

نەپسى ئاۋارىسى —قوساقنىڭ قۇلى،
غەم قىلىپ، تامادا ئۆتىدۇ دايىم.
تۆمۈرنى دات يەيدۇ، ئادەمنى يەر غەم،
ئۇنى يەپ تۈگىتەر ئۇ يىگەن ۋايىم.

ھاياتقا نەزەر سال، شورتاڭ بىلىقمۇ،
سازاڭنىڭ غېمىدا چۈشەر قارماققا.
قوساق سىنىڭ تۇرۇپ، قۇل بولساڭ ئاڭا،
ئازاپقۇ يۈك توشۇپ يۈرۈش بارماققا.
تاماگەر ئەجەلدىن بۇرۇنراق ئۆلەر،
بۇ ئاددىي ھەقىقەت بىر قارىماققا.

## ئارمان

ئاپتاپقا ئاي ئاشقلىغىدىن
ئەگىپ يۈرەر نېرى كېتەلمەي.
تولۇپ كېتەر يەتسە ۋىسالغا،
ئېزىپ كېتەر قالسا يېتەلمەي.

ۋىسال مۇنچە تاتلىق بولماستى،
بولمىسا گەر ئاچچىق ھېجرانى.
بىر ئۆمۈرگە ئوزۇق ئەمەسمۇ
شۇ ۋىسالنىڭ شېرىن بىر ئانى.
بۇ ئالەمنى ئالەم قىپ تۇرغان
ئادەملەرنىڭ ئىزگۈ ئارمانى.

# تۆر تالشىپ

مەن ئۆزەمنى شۇنچە چوڭ چاغلاپ،
ئۆزگىلەرنى كۆزگە ئىلمسام،
كۆپلەر كۈلسە كەينمدىن مېنىڭ،
خاھى بىلسەم، خاھى بىلمسەم.

تۆر تالشىپ ئۆتسە بۇ ئۆمرۈم،
دانىشمەنلىك داۋاسىن قىلىپ.
"داۋا ئۆتمەس دانىشمەنلىككە"،
دېمەمدۇ ئەل ھەقنى بىر بىلىپ،
"مەن!" دېمەيدۇ دانىشمەن دېگەن،
بىر ئۆزىنى سودىغا سېلىپ.

## سۆيگۈ

گۈپپىدە ئوت تۇتىشار بۇ تېنىمگە،
بويۇڭنى يىراقتىنلا كۆرگىنىمدە.
يۈرىگىم تېپچەكلەيدۇ تىنىم تاپماي،
بەلكى ئۇ كۆيدەرگىنىڭ —كۆيگىنىمدە.

سابادىن سالام يوللاپ سارغىيىمەن،
بىر قىيا باقماق شۇنچە هار كېلەمدۇ.
بىلمىدىم سۆيدۈرۈشنى بىلگەن بىلەن،
قىز قەلبى يە سۆيگۈگە تار كېلەمدۇ.
سۆيگۈدىن ياشار ئادەم، ياشنار ئالەم،
كۆيمىسە، كۆيدۈرمىسە يار كېلەمدۇ...

## ئەقىدە

ئىچ پۇشۇرۇپ تەتۈر كىرپىكتەك ،
يۈرىگىمنى قىلساڭ گەر زېدە ،
دوست چېغى دەپ كۆيسەم پىلىكتەك ،
گەر بىلمىسەڭ ، ئىست ئېقىدە!

ئەقىدىدىن ئايرىلساڭ ئەگەر ،
ئايرىلغىنىڭ نومۇس —ئارىڭدىن.
دوستنى —ئەغيار، ئەغيارنى —يار دەپ ،
ئايرىلغىنىڭ يوقۇ ـ بارىڭدىن.
قىممىتىڭنىڭ يوقلۇغى شۇكى:
ئايرىلغىنىڭ خېرىدارىڭدىن.

## سېغىنىش

سېنى ئويلاپ ياتاتتىم يالغۇز،
كۆزنەك چېكىپ، يامغۇر قۇيۇلدى.
ساقىپ ئاققان كۆمۈچ تامچىلار
سېنىڭ يېشىڭ بولۇپ تۇيۇلدى.

سەن تامانغا ئاغسا بۇلۇتلار،
نېمىشكىدۇ، تېنىم توڭلايدۇ.
غېمىڭ بىلەن قاتقان بېشىمنى
ساھىپقىران بىر كۈن ئوڭلايدۇ.
كۈن چېغى دەپ يۈرگەن ئۆزلىرىڭ
بۇ چاققىچە سارغايغان ئايدۇ.

## ئىشەنچ

ئىشەنچ سىڭگەن مېنىڭ قېنىمغا،
ئىخلاس ساپتۇر خۇددى يېشىمدەك.
"ئىشەنمەيمەن" دەپسەن ئاڭلىسام،
ئىشەنچ يالغۇز مېنىڭ ئىشىمدەك.

تۇغۇلىدۇ دوستلۇق ئىشەنچتىن،
ئىشەنچ ئەسلى مەندە بار بايلىق.
قانداق دوست بوپ يۈرەي ئىشەنمەي،
ئىشەنچسىزلىك —روھى گادايلىق.
سەن دوستلۇقنى ئىشەنچكە قۇرماي،
مەنپىيەتكە قۇردۇڭغۇ تايلىق.

## هايا

مەڭزىڭ گۈلدەك قىزاردى سۆيسەم،
لېۋىڭ چىشلەپ تۇردۇڭ ئۈيۈلۈپ.
مەن ياپراقتەك تىترىدىم شۇ دەم،
شۇ قىلىغىم گۇننا تۇيۇلۇپ.

خىيالىمدىن كەتمەيدۇ شۇ تۈن.
كۆرۈندىڭغۇ بوپ ساھىپجامال.
خىيالىمدىن كەتمەيدۇ شۇ كۈن،
بۇ نېمە گەپ، بۇ قاداقچە ھال؟
بىلسەم، قىزغا ھايا چوڭ بېزەك،
بايا بىلەن گۆزەلكەن ئايال!...

## ھەتتاكى...

تىنىقلىرىڭ قاپتۇ لېۋىمدە،
يانسام سېنىڭ يېنىڭدىن كېچە.
بال بارمېدى ياكى لېۋىڭدە،
كالپۇكلىرىم تاتلىق تېخىچە.

سۆيۈشمىسە بىر ـ بىرىنى،
ئۆمۈر ئۆتەر بەكمۇ كۆڭۈلسىز.
بىزغۇ ئادەم، بۇلبۇل چېغىدا
سايرىماسكەن شۇ قىزىلگۈلسىز.
بۇ سۆيگۈنىڭ قۇدرىتىنى كۆر،
ھەتتاكى ئاي ئايلانماس كۈنسىز.

## ئىشق

يەنە كۆرۈپ قالدىم مەن سېنى،
سۈۋادانلىق سالقىنىڭ كوچاڭدا.
مەپتۇن قىلغان بىر چاغلار مېنى
ئەتلەس كۆينەك باردى ئۇچاڭدا.

چارەك ئەسىر بولدى شۇنىڭغا،
نە سەۋدالار چۈشمىدى باشقا.
بۇ ئىشقنىڭ قۇدرىتىنى كۆر،
قارىماسكەن ھەتتاكى ياشقا.
شۇڭا دانا خەلقىم دەيدىكەن:
"ھەۋەس باشقا، ھە ئىشق باشقا".

# ئۈرۈم چاچ

ياقۇت ئەمەس، سېنىڭ لەۋلىرىڭ،
ياقۇت دېگەن ئەسلى سوغاق تاش.
ئەسىر قىلىپ مېنى باغلىغان
لېۋىڭ ئەمەس، ئىككى ئۈرۈم چاچ.

ئۆزۈڭنى ئاي يادقا سالىدۇ،
سېنىڭ شەھلا كۆزۈڭنى چولپان.
قاراشلىرىڭ جاننى ئالىدۇ،
ئىشقىڭ يېنىپ تۇرغان بىر گۈلخان.
مەن سۆيگۈگە قالمەن سادىق،
قۇلۇڭ بولاي بولساڭ ماڭا خان...

## يار مەندىن..

يۈرىگىم سىقىلار ناھەق ئىش كۆرسەم،
ھەقىقەت تۇنجۇقۇپ يۈتەمدىكىن دەپ.
مەن يارنىڭ كويىدا لاۋىدەك كۆيسەم،
يار يانماي، كۆسەيدەك تۈتەمدىكىن دەپ.

يۈرىگىم سىقىرار، بىۋاپا ئالەم،
موشۇنداق تەڭشەلمەي ئۆچەمدىكىن دەپ:
بەزىدە تولغىنىپ چىكىمەن ئەلەم،
يار مەندىن بۆلەكنى كۈتەمدىكىن دەپ.
قورقىمەن شۇ يارغا بولغان ئىقىدەم،
ساقىغا يۇلتۇزدەك يۈتەمدىكىن دەپ.

## ئىنسان

ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئۆلچەيدۇ ۋىجدان،
ئۇ تاشسىز، خاتاسىز لىلا تارازا.
ئۇ سەندە بولمىسا، كىملىگىڭ ئايان،
بولمايدۇ قىممىتىڭ ئاچساڭمۇ هازا.

ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئۆلچەيدۇ ۋىجدان،
ۋىجدانسىز ئادەمدە بولمايدۇ ئىمان.
ئىمانى يوقلاردىن كېلەر هەر بالا،
ئىمانى يوقلاردا بولمايدۇ ئىخسان.
ئادەمدە گەر ئىخسان، ئىنساپ بولمىسا،
مۇمكىن ئۇ شاھ بولار، بولمايدۇ ئىنسان.

## ۋاپا

سىنى سۆيدۈم، سۆيدۈرگىنىڭ راست،
ئامما مىنى سۆيمە ئامالسىز.
ساختا سۆيگۈ تۇزۇيدۇ چاپسان،
مامكاپتەك ھەتتا شامالسىز.

گۈلنىڭ يىشى شەبنەم مىسالى،
ساپ سۆيگۈدە بولمايدۇ غۇبار،
ئۇ بىر شۇنداق سىھرلىك كۈچكى،
ئالدىغانىنىڭ ئالدانمىغى بار.
ۋاپا بىلەن ئىنسان بەختيار،
ئۇسىز كۈتەر ھەر دوخمۇشتا دار.

## ئەپسۇس...

ئالىملار ئېيتقىنى ئەگەر راست بولسا،
بەش مىللىئارد ياشتىنمۇ كۆپمىش يەر يېشى.
قۇلاق سال بۇ ئانا يەرنىڭ قەرىگە،
نەدىندۇر ئاڭلىنار ئاچچىق ئىڭرىشى.

ئالىملار ئېيتقىنى ئەگەر راست بولسا،
تۆرت مىللىئارد پەرزەنتتىن بوپتۇ ئۇ جۇدا،
مۇنچىلا تۆكۈلگەن قان يەتمىگەندەك،
قانسىز پاجىئەلەر بولماقتا مودا.
بولمىسا يەر بىزنىڭ يالغۇز ئانىمىز،
ئەپسۇس، ئاق بېشىدىن كەتمىدى سەۋدا.

# سەۋر

ئەتكى كۈن ئۈچۈن بۇنچە غەم يېمە ،
بۈگۈننىڭ تەغدىرى ئىلكىڭدە ئەمەس.
ئەسلىدە تەشۋىشكە تولغان بۇ ئالەم ،
قولۇڭدىن كەلسە ، بول بىر ئاز غەم يېمەس.

ئەسلىدە كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆمرۈڭ ،
غەم قىلىپ سەن ئۇنى يەنە قىسقارتما.
بېشىڭغا كۈن چۈشسە ، نالىپ پەلەكتىن ،
ھەممىنى نائىلاج چەرىخكە ئارتما.
تەغدىرگە تەن بېرەر ئەقىللىك ئادەم ،
سەۋر قىل ، دەرت كەلسە ، پۇرچۇلۇپ تارتما.

## يارىسىز

بۇ ئۇنىيا سەندىن كېتەر،
جان دوستلىرىم، مەندىن كېتەر.
بېۋاپا ئالەم ئارا —
ھالىمغا شۇ يارىم يېتەر.
دۇنيانىڭ كۆپ تەشۋىشى،
ئۇل چارىسىز بولغاي بېتەر،
كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى،
شۇل يارىسىز بولغاي بېتەر.
يارىسىز بولغان بىلەن
كۆڭلۈڭنى كىممۇ شات ئېتەر.

# رەنجىش

بۇ ھاياتتىن رەنجىپ ئۆتمىگىن،
ئاتىدۇ تاڭ، ئاتما دېسەڭمۇ،
رايىڭغا ھېچ باقمايدۇ پەلەك،
پاتىدۇ كۈن، پاتما دېسەڭمۇ.

شۇنداق ئېكەن نېمگە رەنجىش،
نېمگە بۇ كايىش مۇنچىلا.
رەنجىش دېگەن ئۆمۈر ئوغرىسى،
ئۇزۇنمېدى ئۆمرۈڭ شۇنچىلا.
ئۇپرىمىغىن، دوستۇم ئۇنچىلا،
ئەرزىمەيدۇ رەنجىشكە دۇنيا!

## ئۆتۈنۈش

مەن سېنىغۇ ياخشى كۆرىمەن،
يامان كۆرمە، ياخشى كۆرمىسەڭ.
قىلالماستىن ئىشقىڭنى ئىزھار،
ئەلەمكەندە بىللە يۈرمىسەڭ.

بەزەن قىيا باقسەن ھەجەپ،
بىر بېقىشىڭ ماڭا كۇپايە.
سەجدە قىلسام، قىلاي مەن ساڭا،
ئۆمرۈم كەتسە —كەتسۇنلا زايە.
كېيىك كەبى ئەشۇ بېقىشىڭ
مېنى غەمدىن قىلار ھىمايە.

# پاكلىق

پاكلىق —ئادەمدىكى ئەڭ كاتتا بايلىق،
ئۇسىز ھەر كىشىنىڭ بولماس قىممىتى.
پاكمۇ، ناپاكمۇسەن كۆڭۈلگە تايلىق،
پاكلىق —تەبىئەتنىڭ نازۇك ھىممىتى.

ئالتۇن ئەسلى قىممەت —پاكلىقى ئۈچۈن،
شۇڭا ئۇ ئىنسانىنىڭ ئېسىل زىننىتى.
ئۇسىز بولماس ئادەم ھېچ ئېتىۋارسىز،
ئاما ناپاك بولسا، بولماس ئىززىتى.
ئويلا، يەت شارىنى تۇتۇپ تۇرغانمۇ
ئاق كۆڭۈل ئىنساننىڭ ئىزگۈ نىيىتى.

# سېغىنىش

بولمامدۇ بىر ئۆمۈرلۈك ئۈزۈم قارا،
مەن كەتسەم، سېنى تاشلاپ قارىماستىن.
يارنى دەپ، بولغان چاغدا باغرىڭ يارا،
قالسام گەر ئوچۇم سۇغا يارىماستىن،
ئايرىلماس ئەجەل مېنى ئايرىماستىن.

سىغىنسام، تەنها ساڭا سىغىنىمەن،
يىقىلسام سەن تامانغا سىرىلىمەن.
كەچۈرسەڭ، ئاي ئۈزۈڭنى بىر كۆرۈپلا،
بەلكىم يا، تەنگە سىغماي يېرىلىمەن،
گەر ئۆلسەم، سېنى كۆرسەم تىرىلىمەن.

## ئىككى قۇتۇپ

ھەق، ناھەق، ھۆكمى سۈرگەچ زاماندا،
بۆلۈنگەن بىر دۇنيا ئىككى قۇتۇپقا.
قانداقلا مۆجىزات باركى جاھاندا،
بۆلۈنگەن ھالال ۋە ھارام دەپ توپقا.

شۇڭلاشقا نامەرتكە مەرت دوست بولمايدۇ،
دوست بولسا، بىر كۈنى قالار ئاھ ئۇرۇپ.
نامەرتنىڭ ئەزەلدىن بىر خىسلىتى بار:
ئارقاندىن تىغ ئۇرار قۇچاغلاپ تۇرۇپ.
مۇسبەت كۈنىگىدىن يىغلىسا مەرتلەر،
كۈلىدۇ نامەرتلەر ئاق باغلاپ تۇرۇپ!..

## دوستلۇق

دوستلۇق زىننەت، دوستلۇق ئەتىۋا،
دوستلۇق ئىشىق ئەمەس بىر ھەۋەس.
دوستلۇق قىممەت، سەۋەپ سورىساڭ،
ھۆددىسىدىن چىقىش شۇنچە تەس.

كېرەك ئەمەس ماڭا مال ـ دۇنيا،
ئارتۇق دۇنيا —بىلسەڭ ئۇ قەپەس.
تۆت تال تىللا بولغاندىن كۆرە
تۆت تال دوستۇم بولسا ماڭا بەس!
دۇنيا يىغىپ ئىپەك قۇرۇتتەك
ئۆلىدىغان ئەخمەق مەن ئەمەس.

## ئىچى تارلىق

ئىچى تارلىق قىلما، كەڭغۇ بۇ دۇنيا،
سىنىڭدىنمۇ قالىدۇ ئىشىپ.
ئەسلى دۇنيا —ئاققان بىر دەريا،
ئۇ قىنىدىن تۇرىدۇ تىشىپ.

تارلىق قىلما، كەڭگە —كەڭ دۇنيا،
نەدىن بۇ دەرت سىگدى قىىنىڭغا.
تارلىق قىلغان بولۇپ ئۆزگىگە،
قەست قىلمىغان ئەزىز جىنىڭغا.
تارنى كۆرسەڭ، تاغلار ئىشىپ قاچ،
يولاتما بۇ دەرتنى يىنىڭغا...

## تۆگمەس دەرت

تۆگمەيدۇ دۇنيا تەشۋىشى،
تۆگتەلمەي، تۆگەر ئۆمۆرمۇ.
نېمانچىلا تولا غەم يەيسەن،
ياكى سېنىڭ جېنىڭ تۆمۆرمۇ؟

ياكى ئۆمرۆڭ شۇنچە ئۇزۇنمۇ،
توگامۇ سەن يە ئۆيمەيدىغان؟
بۇ ئالەمدە مەڭگۈلۈك كىم بار،
كىم بار دەيسەن ھېچ ئۆلمەيدىغان.
سەن غەم يېسەڭ، غەم سېنى يەيدۇ،
شۇنداق دەرت بۇ تۆگمەيدىغان.

## مەغرۇرلۇق

بىراۋغا يېلىنىپ ئۆرە يۈرگەندىن ،
بىراۋدىن يېگىلىپ ياتقان مىڭ ياخشى.
بىراۋغا يۆلىنىپ ئۆمۈر سۈرگەندىن ،
تىك تۇرۇپ ، دەرت كەلسە ، تارتقان مىڭ
ياخشى.

پەقەتلا پۈكۈشچۈن ، يارالمىغان تىز ،
تىك تۇرۇش ئۈچۈنمۇ كېرەك ئۇ ، ھەييهات.
رەقىۋى ئالدىدا تىزلىنىپ يۈرۈپ ،
باتۇر بولغانلارنى بىلمەيدۇ ھايات.
مەغرۇرلۇق چىن ئىنسان ئۈچۈن خاس خىسلەت ،
ئۇنىڭسىز بېچارە بولار ئادەمزات.

## ھەقىقەت

ھەقىقەت ئاڭقانىڭ تۇخۇمى ئەمەس،
زەرب ئالماس تىغلارنىڭ ئارىسىدا ئۇ.
رەقىۋى كۆكسىگە خەنجەر سانچىغان،
قىساسكار كۆزلەرنىڭ قارىسىدا ئۇ.

ھەقىقەت بار دېسەم، دېدىڭ سەن ھەجەپ:
"بار بولسا بولماستى ئىزتىراپ، غەملەر.
بار بولسا، نېمشكە تۆكمەس رەنجىش،
بار بولسا، چۈشمەستى باشقا ئەلەملەر!"

مابادا ھەقىقەت يوق بولسا، دوستۇم،
ئەخمەق بولماس ئېدى ئىزدەپ ئادەملەر.

## هەیهات

یاخشی کۆرگەن کشڭنی، هەیهت،
بر ئۆموٰردە برمۇ کۆرمسەڭ
زێرکلەرلك بولامدۇ هایات
بر دەقىقە بللە یوٰرمسەڭ.

یاخشی کۆرگەن کشڭنی، هەیهات،
کۆیدوٰرمسەڭ یاکی کۆیمسەڭ
ئەلەم قلار ئێکەنغۇ، دوستۇم،
سۆیدوٰرمسەڭ یاکی سۆیمسەڭ.
بۇ دۇنیانڭ نێمە راهتی.
موٰرادڭغا یێتپ کوٰلمسەڭ.

## تاماشە

تۆگمەيدۇ ئادەم تەشۋىشى،
ئالەم ئۆزى تۆگمەي تۇرۇپ،
تۆگمىسە، نېچۇك قايغۇرۇپ،
نېچۇك بۇنچە كەتمەك ئاھ ئۇرۇپ.

يەتمىگەندەك ئالەم تەشۋىشى،
ئادەملەردىن بارغۇ ئەندىشە.
دۇنيا دېگەن شاتلىق، غەم تولۇپ،
لىقشىپ تۇرغان نازۇك بىر شىشە.
شاتلىغىنى ئىچسەك سۆمرىپ،
تەشۋىشىمۇ بولار تاماشە.

## هەقكويلۇق

ئوخشمسا ئۆزەمگە شێئرىم،
مەن ئۆزەمگە بولمەن قازى.
ئوخشمسا، ئاق كۆڭۈل خەلقم،
بێتاين دەپ بولار نارازى.

ئاتىسغا ئوخشغاي ئوغۇل،
ساقلغاي ئاھ، ئوخشماسلىقتىن.
يورۇق بولسا بولغاندۇر ئۈزۈم،
گێپم بلەن ئشم ماسلىقتىن.
ئۇزۇن بولسا بولغاندۇر تىلم،
هەقگويلۇقتىن —للا راستلىقتىن.

# نۇخسانسز...

ئۆزەڭدن ئۆزگنی سەن یامان دەیسەن،
بارمېدی شۇنچلا سەندە دیانەت؟
بۇ ئۇزۇن ئالەمدە دوسۇ ـ یارەنگە
دەلەمسەن قلمدىم بىرەر خیانەت!

ئۆزەڭدن ئۆزگنی سەن یامان دەیسەن،
بولمسا ئۆزەڭمۇ ئەسلدە چاغلق.
هەر قانداق کشدە بولار بر نۇخسان،
شۇ نۇخسان شۇ خام سۈت ئەمگەنگە باغلق.
سەن بلەن مەن تۈگۈل، ئاسمانغا قارا،
کۈن بلەن ئاینڭمۇ ئۈزلری داغلق.

# ئىنساپ

سەندە بولسا ئىنساپ ـ دىيانەت،
غەم ـ غۇسسىدىن بولسەن خالى.
كۆزلىرىڭگە كۆرۈنەر ئايدەك
بۇ جاھاننىڭ ھۆسنى ـ جامالى.

گەر بولمىسا ئىنساپ ـ دىيانەت.
خالى بولماس تەشۋىشتىن بېشىڭ.
ھاياتىڭدىن يوقايدۇ لەززەت،
تاپقىنىڭنى چاچار قىلمىشىڭ...
دىيانەتسىز دىلىڭدىكى داغنى
يۇيالمايدۇ ئاخىر كۆز يېشىڭ.

## كەچۈرۈم

"قارغا بالام ئاپپاق ئەمەسمۇ، —
كىرپە بالام يۇمشاق ئەمەسمۇ".
قانچە قىلسا بالا بەڭۋاشلىق،
دەپ قويۇمىز ئۇششاق ئەمەسمۇ.

بالا بالا تاپسا —چوڭ بولار،
شۇندا يېتەر ئاتا قەدرىگە.
گەر يەتمەستىن قىلسا قىلغىلىق،
ئاتا چىدار ئۇنىڭ دەردىگە.
ئاتا چۆلدە ئۆسكەن توغراقتەك
بەرداش بېرەر ھايات زەربىگە.

## ئامەت

"رسقىڭنى ئارتۇق يا كەم قىلىپ بولماس"،
ھەتتاكى بېشىڭنى تاشقا ئۇرساڭمۇ.
بۇ ئامەت قىزىقتە: قوغلىساڭ —قاچار،
قاچساڭ —قوغلاپ، باشقا قونار تۇرساڭمۇ.

بۇ ئامەت دېگىنى بەخىت قۇشىدەك،
ئۆمرۈڭدە بىر قېتىم كۈلۈپ باقىدۇ.
ئۇ كەلسە، قۇرغۇيۇڭ قىرانىنى ئېلىپ،
ئېرىنىڭ تىللاغا تولۇپ ئاقىدۇ.
ئۇ كەتسە ئۆز ئۆرۈپ ۋاپاسىز ياردەك،
ئۆزگىگە نازىلە كۆكرەك ياقىدۇ.

## ئادەم بولۇش...

مېنى مەس قىلماس مەنسەپ تاماسى،
يۈرىمەن تېخىچە ئادەم بولالماي.
يۇلتۇز بوپ، تۈندە يول يورۇتاي دېسەم،
بەزىلەر ئاۋارە ئايدەك تولالماي.

يۇلتۇز بولۇشۇمۇ مېنىڭ ناتايىن،
سېنىڭ ئاي بولۇشۇڭ تېخى دەرگۇمان.
ئاي، قۇياش بولمىسام، ئۇنچۇقماس، لېكىن
قارغايدۇ ئەل مېنى، بولمىسام ئىنسان!
ئادەم بوپ ياشىماق ئەمەس ئۇ ئاسان،
مۇبادا تومۇردا بولمىسا پاك قان...

## ياخشلىق

قولدىن كەلسە قىلغىنى ياخشلىق،
يامانلىقچۇ، يېتىپ ئاشدۇ.
گەر ياخشلىق توراپ تۇرمسا،
يامانلىقتىن توپان تاشدۇ.

يامانلىقا قىلغىن ياخشلىق،
ياماگىلغى يانار ئۆزگه.
ياخشلىقا قىلسا يامانلىق،
بىر سقىم توپا تولار كۆزگه.
ئەمما، دوستۇم، ياخشلىق قىلساڭ،
مىننەت قىلىپ باسما ئۈزگه.

## ئۆزلىگىنى...

ھەر كىم سانايدۇ ئارتۇق،
ئۆزلىگىنى بىلمەيدۇ ھەرگىز.
يارىلىشتىن كۆڭلى بولۇپ توق،
باشقىلارنى سەت دەيدۇ سەت قىز...
ئۆزلىگىنى بىلمەيدۇ ئادەم،
شۇڭا غەمدىن بولمايدۇ خالى.
دەردى يامان گۈزەلنىڭ،
ئۇندىن يامان سەتلەرنىڭ ھالى.
ئۆزلىگىنى بىلمەكلىك، دوستۇم،
قانىسىز پاجىئەلەر زاۋالى...

## دىيانەت

گەر دىلىڭدىن كەتسە دىيانەت،
خىيانەتكە بوشايدىغۇ جاي.
ئىنساپسىزلىق —ئۇمۇ چوڭ بىر دەرت،
جىنايەتكە تەييارلايدۇ جاي.

گەر بىرەۋنىڭ يېدىڭمۇ ھەققىنى،
قۇرىغىنى شۇغۇ پىلىگىڭ.
خەقنىڭ ھەققى، كۆز يېشى تۇتسا،
ئەسقاتمايدۇ تاپقان تىرىگىڭ.
ئۆزۈڭ قارا، تىل قىسقا بولسا،
ئويلاپ قارا، كىمگە كېرىگىڭ؟!

## مەسئۇلىيەت

مەسئۇلىيەت بولمىغان يەردە
بولار چوقۇم بىرەر پالاكەت.
تار يول ئەمەس قارا دېڭىزدا ،
قارا باستى ، باستىمۇ غەپلەت ،
ئىككى كېمە بولدى هالاكەت.

ئاتوم پۇل ئالدىدا تۇرغان
ئادەمدە گەر بولمىسا ئىمان ،
راكېتىدا تۇرغاندا قانات ،
ئۆرتەنمەمدۇ يەر تۆگۆل ئاسمان!
قىل ئۈستىدە تۇرغاندا جاھان...

## نومۇس

دەر "ئۆلۈمدىن قاتتىغراق ئۇيات!"
گەر ئار ـ نومۇس بولسا ئادەمدە.
گەر بولمىسا ئارنى سېتىپ،
كۈن كۆرىدۇ، ئەپسۇس، ئالەمدە.

دەر "ئۆلۈمدىن قاتتىغراق ئۇيات!"
هايا بىلەن گۆزەل بۇ هايات.
شۇڭا، بەلكى، كۆرۈنىدۇ يات
ئاي بولسىمۇ ئارسىز پەرىزات.
هايۋاندىن بىر پەرقىمىز شۇغۇ:
ئارئى بىلەن ئەزىز ئادەمزات!

# قىساس

سەن بىراۋغا يامانلىق قىلساڭ ،
قىلغانلىرىڭ يانار ئۆزەڭگە .
قىساس قۇشىن قاناتسىز دېمە ،
ئۇ ئارقاڭدا يۈرگەن كۆلەڭگە .

قىيامەتكە قالمايدۇ قەرىز ،
بىر كۈن بىرى ئالىدۇ ھېساپ .
قۇتۇلمايسەن ، قىساس قىلىچى
ئويلىغاندىن ئۇزۇن بىھېساپ .
ئۇ ئەگىشىپ يۈرەر شەپىدەك ،
گەر سېنىڭدە بولمىسا ئىنساپ .

# مىراس

مىراس قالماس مەندىن مال ـ دۇنيا،
بايلىغىمۇ يوقتۇر بېھېساپ.
ئالتۇن ئۆزۈك قالمايدۇ شەكسىز،
قالسا، قالار مىراس بوپ ئىنساپ.

مىراس قالماس دېسەم زور بايلىق،
مېنى گاداي دېمىگىن ھەرگىز.
تىللارىڭنىڭ تاشلىغى تايلىق،
مەندىن قالار تۆرت ئوغۇل، بىر قىز.
تومۇرىغا سىڭگەن قانائەت
مال ـ دۇنيادىن ئەمەسمۇ، ئەزىز!..

# هالاللىق

ئۆمرى بەك قىسقىدۇر قۇۋۇلۇق ـ شۇملۇقنىڭ،
شۇندىمۇ بىر هازا سۈرىدۇ دەۋران.
خورلۇقتۇر ئەسلىدە تۆۋى زورلۇقنىڭ،
شۇندىمۇ ئۇ تىغسىز قىلار قەلبنى قان.

هالاللىق بىر كۆنى ئالار هەلقۇمدىن،
هارامدىن نە نىشان، قىلار نە بىر نام.
دېسىمۇ ئۇيالماي قۇياشمەن، ئايمەن،
ئەلگە ئەسقاتقىدەك قالار نە بىر شام...
هېچ نېمە قالماسكەن دېمىگىن ئۇندىن،
"هارامدى" دېگەن بىر قالىدۇ بەدنام.

## ئاق نىيەت

يەر بىزنىڭ ئالەمدە بىر تال ئۆيۈمىز،
ھەممىمىز ئانا دەپ، ئۇنى سۆيۈمىز.
بىر ئاتا ـ ئانىدىن تۆرەلمىسەكمۇ،
بىر ھاۋا يۇتىمىز، بىردۇر سۈيۈمىز.

يەر بىزنىڭ ئالەمدە ئورتاق ئۆيۈمىز،
توتىيا توپىسىن كۆزگە سۈرۈمىز.
ئانا يەر باغرى كەڭ، نىمە يەتمەستىن
ھەر ياڭزا پەدىگە ياڭرار كۈيۈمىز...
ئادەملەر، ئاق نىيەت بولمىساق بۇدا،
ئاتومغا تۇترۇق بوپ ئوتتا كۆيۈمىز!

## نېمە تېرىساق

ياخشىلىققۇ ئۆزىمىزدىن ئاشمايدۇ،
يامانلىقنى دۆڭگەپ كەلدۇق زامانغا.
بولمىسىغۇ تولتارغانمۇ ئۆزىمىز،
بۇ دۇنيانى ياخشى بىلەن يامانغا.

بار گۇنانى ئارتىپ قويۇپ بىرەۋگە،
بار سوۋاپنى ئۆزىمىزگە جورۇيمىز.
زامان يامان ئەمەس، يامان ئۆزىمىز،
نېمە تەرسەك، پەقەت شۇنى ئورۇيمىز.
يامانلىقنى پەيلىمىزدىن كۆرمەستىن،
يېغىمىزدا گۆشۈمىزنى قورۇيمىز!

## هايات —كۆرەش

بۇ هاياتقا زەڭ قويۇپ قارا ،
جەننەت ، دوزاق يوق نەرسە ئەمەس.
مابادا ئۇ يوق نەرسە بولسا ،
ئەل جەننىتى ، دوزىغى دېمەس.

هايات —كۆرەش ، رەقىپنى يەڭسەن ،
بەخت قۇشى قونار بېشىڭغا.
جەننەت شۇ‌غۇ!
ئەگەر يېڭىلسەڭ ،
قارغا ـ قۇزغۇن چوقار بېشىڭغا.
شۇ ئەمەسمۇ دوزاق دېگىنى ،
هېچ كىم باقماس ئاچچىق يېشىڭغا.

# ئانا تىلى

ئانا تىلىنى يوقاتقان خەلىق
زاۋالىققا ئۆز تۇتار چوقۇم.
"تىلى يوقنىڭ ئېلى يوق" دېگەن
ئەل ئىچىدە بار شۇنداق ئۇقۇم.

كىرگەن تۇرسا ئانا سۈت بىلەن،
سىڭگەن تۇرسا ئۇ تەن ـ تېنىغا.
تىل يوقالسا، بولمامدۇ بىرى
قەست قىلغاندەك ئەزىز جېنىغا.
تىل يوقالسا، يوقىلار خەلىق،
ئۇ سۈت بىلەن كىرگەچ قېنىغا.

## كۆڭلى قارا

قاراقچىدىن قورقمايمەن ئانچە،
ئۇ مال ئالار، جاننى ئالمايدۇ.
قارا دىلدىن قورقىمەن شۇنچە،
دەلەلمەيمەن قاننى ئالمايدۇ.

كۆڭۈل قالدى كۆڭلى قارىدىن،
ئۇ سۈلۈكتەك قاننى شورايدۇ.
ئۆمۈر بويى قىلساڭ ياخشىلىق،
تىكەن سىمسىز يولۇڭ تورايدۇ.
شۇملىغىدىن ئىپەك قۇرۇتتەك
ئۆز ئۆزىگە كېپەن ئورايدۇ...

## ئۇلۇغلۇق تالىشىپ...

زوگۇلاڭ ياڭاقتەك ئۆزۈلگەن بولسا،
بەيگىدە زورۇقساڭ، خاراپ بولسەن.
دانىشمەن ھەرگىزمۇ دانامەن دېمەس،
سەن دېسەڭ، ئالدامچى سەراپ بولسەن.

بىر ئاسمان ئاستىدا ياشايمىز، دوستۇم،
ئۇلۇقلۇق تالىشىپ ئۆتمە ئالەمدىن.
ھېچ كىشى دۇنياغا بولمايدۇ تۆۋرۈك،
ئۆزەڭدە بولمىسا، كۆتمە ئالەمدىن.
ھەر نېمە بولغۇسى پەيلىڭگە بېقىپ.
بېكارغا رەنجىمە، ئۆتنە ئالەمدىن...

# پارە

بىر مۇددەت پارنى بىز سوغا دېدۇق،
بىر مۇددەت ھەقىقەت يېپىسىز بوغۇلدى.
ھايات شۇنداق دېسە، راست دەپ چۈشەندۇق،
قانسىز پاجىئەلەر سانسىز تۇغۇلدى.

بىر مۇددەت پارنى بىز سوغا دېدۇق،
ئۆتمىدى سوتتىنا ھەق لىللا سۆزۈمىز.
زامان يامان دېسە، راست دەپ چۈشەندۇق،
زامان يامان ئەمەس، يامان ئۆزىمىز.
بىلمىدىم پارىدىن ھارام نېمە بار،
بولسا كۆرۈشكىمۇ يوقتۇر كۆزۈمىز.

## ھايات قانۇنى

بۇ ھاياتنىڭ ئۆز قانۇنى بار،
ئۇ باقمايدۇ كىشى رايىغا.
ئالمىمۇ ئاچچىق تېتىيدۇ،
يەتكۈزمەستىن يېسەڭ ۋايىغا.

بۇ ھاياتنىڭ ئۆز قانۇنى بار،
باردۇر ئۇنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى.
غورىدىنمۇ ھالۋا پۈتىدۇ،
سەۋر قىلساڭ، كېلىپ ئامىتى.
قۇش چېغىدا ئۇچۇم بولمايدۇ،
تولۇق چىقماي تۈرۈپ قانىتى.

## ئۆزگەرمەس

ئۆزگەرمەس نېمە بار ئالەمدە،
ئۆزگىرەر ھەتتاكى ئالەممۇ.
بېشىڭغا دەرت كەلسە داتلىما،
ئۆزگىرەر شاتلىققا ئەلەممۇ.
ئۆزگەرمەس جاھاندا پەقەت قان،
ئۆزگەرمەس بېقىپ تۆرت پەسلىگە.
ئەجدادى پاك بولسا، پاك پۈتى،
ئۆتەر ئۇ نەسلىدىن نەسلىگە.
شۇڭلاشقا ئەۋلاتلار تارتىدۇ
قەدىمى پۇشتىغا —ئەسلىگە.

## ئويناشما

ئويناشمغىن تەبىئەت بىلەن،
ئۇ ھەر كىمگە ئەمەس ئويۇنچۇق.
ئاسرا ئۇنى ئاق نىيەت بىلەن،
سېخى قەلبى بىز ئۆچۈن ئوچۇق.

ئويناشمغىن تەبىئەت بىلەن،
ئەقىللىق بولسا، ئويناشما ھەرگىز.
ئۇ ئويناشسا سەن بىلەن مەڭدىن
بۇ دۇنيادا قالمغاي بىر ئىز.
ئويناشسا، كۆز يېشىمىزدىن
پەيدا بولار شولۇق بىر دېڭىز.

## كەچۈرمەيدۇ

ئانا ئوخشاش ئانا تەبىئەت،
سېخىلىقتا ئۇلار قوش ـ گېزەك.
بىر ـ بىرىنىڭ كام يېرىن پەقەت
تولدۇرىشقا يارالغان بېزەك.

كەچۈرىدۇ ھەر قانداق ئانا،
گۇنا قىلسا ھەر قانچە پەرزەنت.
كەچۈرمەيدۇ، كەچۈرمەس، ئامما
چەكتىن چىقساڭ ئانا تەبىئەت.
رەھىم كېرەك تەبىئەتكىمۇ،
كېرەك كەبى بىزگىمۇ شەپقەت!

# بەينەلملەل

بەينەلملەل دېگەن —دوستلىشىش،
بەينەلملەل ئەمەس رۇسلىششىش...
بەينەلملەل ئەمەس ئۇ ھەرگىز،
ئۆزلىگىدىن بىر ئاز سۇسلىششىش.

ئۆزلىگىدىن چېنىش ئۇ قاچان —
ئاللىقاچان مودىدىن قالغان.
ئۆز خەلقىنى سۆيمىگەن ئادەم
ئۆزگىلەرنى سۆيۈشى يالغان.
بەينەلملەل دېگەن ئۇ، دوستۇم،
بىر ـ بىرىگە تەپمۇ ـ تەڭ ئالقان.

## بىر ئاتىدىن...

مېھرىمۇ شۇ، مۇھەببەتمۇ شۇ،
بىر ـ بىرىگە كېرەك بولغىنى.
ئادەمنىڭمۇ ئادەملىگى شۇ،
بىر ـ بىرىگە تىرەك بولغىنى.

بىر ئاتىدىن يارالغان تۇرۇپ،
بىر ـ بىرىگە قىلمىسا ياردەم.
ھاسىچىلىك مەدەت بولمىسا،
ئۇنى قانداق دەپ بولار ئادەم.
مېھىر ـ شەپقەت بولمىغان يەردە
زاۋالىققا يۈز تۇتار ئالەم.

## ھېساۋى بار...

نۇر مەڭگۈلۈك، ئاپتاپ مەڭگۈلۈك،
دېگەن گەپلەر قۇرۇق سەپسەتە.
ھەر نەرسىنىڭ ھېساۋى باردۇر،
بىھېساپ دەپ ئويلىساڭ خاتا.

ئۇغۇ شۇنداق، بىراق كۆيمىسەك،
نەدىن چىقار نۇرلۇق، يورۇقلۇق.
ئۇنىڭسىزمۇ قاراڭغۇلۇقتا
دۇنيا تېخى تولۇپ تۇرۇقلۇق.
ئاپتاپ بىلەن يورۇغان بىلەن
ئەرك نۇرىغا زاردۇر قۇرۇقلۇق.

## ئۆتنە ئالەم

بىر دومىلاپ بۆدۈنە بولساڭ،
ئاڭا ھەيران بولمايمەن ئانچە.
ئۈنداقلارنىڭ كاساپىتىدىن
مەن بىلىمەن كۆيگەننى قانچە.

بىر دومىلاپ بۆدۈنە بولساڭ،
ئەل دېمەمدۇ سەندە تۇراق يوق.
يەڭ ئىچىدە سودا قىلساڭمۇ،
دېمە ئاڭلايدىغان قۇلاق يوق.
قىلغانلىرىڭ يانار ئۆزەڭگە،
دېمە ھەرگىز بىر كۈن سوراق يوق.

## ئانا يەر

ھەر ئاخشمى يۇلتۇز كۆز قىسىپ،
مېنى يانغا چىللاپ قىينايدۇ.
بولمىسىمۇ سوغ باغرى نېسىپ،
مەيلىم بارمۇ، يوقمۇ سىنايدۇ.

يۇلتۇز بىلەن نېمە كارىم بار،
كىندىك قېنىم تامغان يەر تۇرسا.
بىر گېپىم بار ئېيتاي مەن ساڭا،
ئانا يەرنىڭ تېشى زەر تۇرسا،
نېمىسىنى ئارزۇ قىلىمەن،
يەر ئالدىدا بېنەزەر تۇرسا.

## هايات قىزىق

ياخشى ئادەم ئۆتسە ئالەمدىن،
ھەممە كىشى ھازا ئاچاركەن.
هايات قىزىق، يامان ئادەمدىن
توي قىلسىمۇ كىشى قاچاركەن.

هايات قىزىق، يارىتىپ قويۇپ،
ئۆز قولىدا ياخشى، يامانىنى،
ئايرىيدېكەن بىر كۈنى كېلىپ،
سورۇپ يۈرۈپ دانى، سامانىنى.
بېرىدېكەن پەيلىگە بېقىپ،
گاھى كەڭ، گاھ تار قىپ جاھاننى.

# بۇلبۇل

ھەر مىللەت تىلىدا سايرىماس بۇلبۇل،
ھەر ئېلەت دىلىدا، ئامما ئەتىۋا.
بۇلبۇلنىڭ دىلرابا ئۈنىنى ماختاپ،
ئوقۇشقا نە ھاجەت بىرەر پەتىۋا.

توتىدەك دېگەننى دورىمايدۇ ئۇ،
سايرىماس ھەر سەنەم، ھەر خىل پەدىگە.
زامان ئۆزگەرسىمۇ ئۈنىن ئۆزگەرتمەي
سايرىغاچ، ئادەملەر يېتەر قەدرىگە.
بۇ ھەجەپ، ئۇ چاك ـ چاك مۇڭلۇق سايرىسا،
زوقلىنىپ تىڭشايمىز يەتمەي دەردىگە.

# خورلۇق

تۆگگە داۋاندا ئىشەنمەي،
ئېشەككە سۆرتىپ قويۇپتۇ.
قالامدۇ خورلۇقنى چۈشەنمەي،
شۇ هايۋان چېغىدا تۇيۇپتۇ.

ئۆزىمۇ، كۈچىمۇ هالالنى،
هارامغا سۆرەتمەك ئادەتمۇ؟
قۇدرىتى، قۇۋۋىتى بارلارغا
ئىشەشىنىڭ يوقلىغى ئاز دەرتمۇ؟!
ئالەمدە تالايغۇ دەرت پۈتتى،
پۈتمەدى موشۇ بىر ئىللەتمۇ.

## ئىتتىپاق

گەر قەلبىمدە بولمىسا ئىخلاس،
بولمىسا گەر ئىشەنچ —ئىتتىپاق،
كۆڭلۈم سۇۋۇپ ياردىن، يارەندىن،
تۇيۇلاردى كۆڭۈلسىز ھايات.

گەر ئاتىغا بالا باقمىسا،
دەيدىغىنى گەپ ئەمەس بوپتىلا.
ئىتتىپاقتى يوقلار جاھاندا
ھەر بالاغا قىلار مۇپتىلا.
ئىتتىپاقتى يوقلار جاھاندا
نىتەي، ئەپسۇس، بارلاردىن تولا...

# مېھر

ئانا چاپناپ بالىسىغا نان بەرسە،
قۇش چېغىدا باشقىسىغا دان بەرسە،
ھەيران بولما، بۇرۇن ھەيران بولمىغان
ئادەم ئۆچۈن ئادەم ھەتتا جان بەرسە.

بۇ نەھەجەپ، ساغا سۈت ھايۋان بەرسە،
بىراۋ ئۆچۈن يات بىرەۋلەر قان بەرسە.
ھەيران بولما، بۇرۇن ھەيران بولمىغان
ۋەتەن ئۆچۈن ھەتتا ئەزىز جان بەرسە.
دوستۇم، ئەسلى مېھر-شەپقەت دېگەن شۇ،
ھەيران بولما، ئۇنى گەر ئىنسان بەرسە.

## يەر مېھرى

بېۋاق يەرگە چۈشتى يوپۇرماق،
ئەشۇ يەردىن نەپ ئېلىپ ئاينىغاچ.
كىمدۇر يۈرەر گېدەرەپ بىراق،
ئەشۇ يەردىن چېنىپ —ئاينىغاچ...

ئانا يەرنىڭ پەرزەنتى تۇرۇپ،
بولىۋالغان بارمۇ مۇنچىمۇ.
يەردىن رىسقى تېرىپ يەپ يۈرۈپ،
ئاڭا بولغان ئىخلاس شۇنچىمۇ؟
ئانا يەرگە سەجدە قىپ، ھەتتا
بېشىن ئېگىپ تۇرار غۇنچىمۇ.

## مەرۋايىت

يارىلىشتىن ئاق ئېدىلىڭ ھەجەپ،
رەڭگى ـ رويۇڭ قاپتۇ سارغىيىپ.
تېچ ئەمەسمۇ دېڭىز ئاستىمۇ،
سەندىن بۆلەك يەنە كىم ساھىپ؟

سارغايتتىمۇ دېڭىزدىن كۆلگە
كۆچەرگىنى —— خاپا قىلغىنى.
تۇمشۇغۇڭنى تېشىپ يىڭنىدە،
ئېسىپ كەيپى ـ ساپا قىلغىنى.
سارغايتتىمۇ سېنى سەرسان قىپ،
يە مايدا دەپ تاپا قىلغىنى...

## "مەن" دېمە

سەن ماختىنىپ، هەرگىز مەن دېمە،
مەن دەر كىشى سەل كاملىغىدىن.
زەڭ سېپ قارا، بازاردا باققال
ماختار مېلىن بېتام تىغىدىن.

ئەقىلىڭ بولسا، هەرگىز مەن دېمە،
بىرەۋ دېسە، دەر خاملىغىدىن.
دانالىقتا داۋا قىپ يۈرۈپ،
ئۆلەر مەنمەن بېنامىلىغىدىن.
قارا مىڭ يىل ياشىدى ئۆمەر
داۋراڭ سالماي هەييامىلىغىدىن.

## گېدەيمە!

سەن خىجالەت بولماي گېدەيسەڭ،
مەن ئۈيلىپ قالىمەن.
"مەنچۇ تىرىك كلاسسىك" دېسەڭ،
هەيران بولۇپ، قاراپ تالىمەن.

تاققا قارا كۆككە گېدەيگەن،
بىر كۈن ئۈنىڭ غۇلىشى باردۇر.
ئامەت دېگەن كېلىپ كېتىدۇ،
ئازغان ئاينىڭ تولۇشى باردۇر.
بارچە كۆزنى ئۆزىگە تارتقان
گۈلگە قارا، سولۇشى باردۇر.

## ياۋايىلىق

ئىپتىدائىي دەۋرگە ئوخشاپ،
يەر بولدۇق يېرىم يالىڭاچ.
ئاياللارنىڭ چېچى قىسقىراپ،
ئەرلەرنىڭكى بەلگە چۈشتى چاچ.

بىلسە ئېدى ئايال كۆركى چاچ،
بىلسە ئېدى ئۇنداق يوق بېزەك.
ھايۋانلىققۇ يەرمەك يالىڭاچ،
ھايا بىلەن گۈزەللىك گېزەك.
ئىپتىدائىي دەۋرگە ئوخشاپ،
ياۋايىلىق ياپماقتا ئېتەك.

## رەنجىتمە

يولۇڭدا دۇچ كەلسە بىرەۋ رەنجىتمە ،
سەن ئۇنى كۆرىسەن يە كۆرەلمەيسەن .
كەڭ يولغا سىغماستىن تەنها مەن دېمە ،
شۇ يولدا يۈرىسەن يە يۈرەلمەيسەن .

يولۇڭدا دۇچ كەلسە بىرەۋ رەنجىتمە ،
رەنجىتسەڭ ، رەنجىيسەن —سەن كۈلەلمەيسەن .
بىلەمسەن ، بىلمەمسەن رەنجىش ئۇ نېمە ؟
ئۇ —قارغىش ، قىينىلىپ سەن ئۆلمەيسەن .
سەنسىزمۇ رەنجىشكە تولغان بۇ دۇنيا ،
رەنجىتسەڭ رىشتىنى سەن سۈرەلمەيسەن .

## ئۆلۈك جانلار

تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەنلەر تولا،
ئۈستۈنلىكنى قىلىشىپ ھەۋەس.
دوستلىرىنىڭ مۈرىسىن دەسسەپ،
ئۆرلەر ئۇلار بولمىساڭ پەخەس.

مەنسەپپەرەس شان ـ شۆھرەت ئۈچۈن
ئار ـ نومۇسنى ساتار ھەر نەپەس.
ئۇلار ئۈچۈن ئارماندۇر ئاتاق،
ئۇلار ئۈچۈن مەنسەپ مۇقەددەس.
پاكلىق، ۋىجدان تۇرغاندا ئادەم —
مەنسەپ بىلەن مۆتىۋەر ئەمەس.

## ئانا تەبىئەت

ئانىڭ تۇرسا سېخى تەبىئەت،
ئويناشقىنىڭ، دوستۇم، نېمىسى.
ئويناشقاچقا توپان باسقان چاغ،
ساق قالغىنى نوھنىڭ كېمىسى.

ئانا تۇرسا سېخى تەبىئەت،
ئاسراش ئۇنى ئېيت كىمنىڭ ئىشى؟!
گەر قوينىغا سوغاق قول سالساڭ،
تۇتار بىر كۈن ئۇنىڭ قارغىشى.
يامغۇر دېگەن ئۇ يامغۇر ئەمەس،
ئۇ ئانىنىڭ شورلۇق كۆز يېشى.

## ھەق گەپنى...

شائىرنىڭ شېئىرى —ئۇنىڭ ۋىجدانى،
ئۇ ئۆزى خەلقنىڭ شەنگە ساھىپ.
دىلدىكى گەپنى ئۇ تېپىپ دېمىسە،
خەقنىڭمۇ ھەققى بار يۈرۈشكە كايىپ.

ھەق گەپنى ئېيتماقلىق ئەسلىدە ساۋاپ،
ئېيتماقلىق خاس خىسلەت شائىرغا لايىق.
ئېيتمىسا يۈرىگى بولمامدۇ كاۋاپ،
ئېيتمىسا شائىرلىق ئاڭا نالايىق.
ھەق گەپنى كىم ئېيتار شائىر ئېيتمىسا،
ئېيتار دەپ ئەزىزلەر ئۇنى خالايىق.

# خاتىرجەملىك

مېنىڭ بىر بايلىغىم —خاتىرجەملىكىم،
تەشۋىشى چاچتىنمۇ تولا جاھاندا.
بالىلىرىم بەل باغلاپ ئارقامدا قالسا،
كەتمەستىم ئالەمدىن ئانچە ئارماندا.

مېنىڭ شۇ بايلىغىم —ئىنسان ئارزۇسى،
تىلىگىم —ئايرىما خاتىرجەملىكتىن.
بېكاردىن بېشىغا تەشۋىش تۇغدىرار،
بەزىلەر جاھىللىق يە مەنمەنلىكتىن.
كۆرەڭنىڭ بېشى ھېچ چىقمايدۇ غەمدىن،
مەنمەنلىك قىلىدۇ كىشى كامىلىقتىن...

# ئايرىلما

ئۆز يۇرتىڭدىن ئايرىلما، دوستۇم،
گەر ئاينىساڭ، ھەرگىز ئوڭمايسەن.
گەر ئايرىلساڭ، سەن ياقا يۇرتنىڭ —
تومۇزىدا تۇرۇپ توڭلايسەن.

ئۆز يۇرتىڭنىڭ قوينى كەڭ بىلسەڭ،
مېھرى ئىسسىق، شەپقىتى تولا.
قانچە بولسا مېھرىۋان ئانا،
بولا ـ بولا شۇنچىلا بولا.
گۈلگە قارا، ئۇنى كۆچەرسەڭ،
ئالتۇن قاچا ئىچدە ئۇ سولا.

## يالغان

ھەر بالانىڭ ئانىسى —يالغان،
يالغانچىغا مېنى يار قىلما.
مەيلى نېمە قىلساڭ قىل، ئامما،
ھەقىقەتنى ھەر كويغا سالما.

ھەر بالانىڭ ھامىسى —يالغان،
ئۇ شەيتاندىن مىراستۇر قالغان.
ئۇ راستلىققا بەتلەنگەن كامان،
ھەقىقەتنى ھەر كويغا سالغان.
ئۇ ئاجىزغا بولسىمۇ قالقان،
ئۆز ـ ئۆزىگە قۇرۇلغان قاپقان.

## ئاق چېچەك

يەرنى يېرىپ چىقتى ئاق چېچەك ،
ئالتە كۈنلا ئۇ كۈن كۆرسمۇ.
گۈللىرىنى قىلدى ئۇ بېزەك ،
شۇنچە قىسقا ئۆمۈر سۈرسمۇ.

نەۋباھاردا غازاڭ بولسمۇ ،
تەغدىرگە تەن بەرمىدى كۆنۈپ.
يە ئايازنىڭ قەھرىدىن چۆچۈپ ،
ياشىمدى يەرگە مۆكۈنۈپ.
كۈن كۆرۈشچان كۈرەشمىسە ئۇ ،
قالار ئېدى داغدا ئۆكۈنۈپ.

## ھىجران

كۆز ئېچىپ كۆرگىنىم، گۈلۈم، سەن تۇرساڭ،
بۇ كۆڭلۈم سېنىڭدىن قانداق كېچىدۇيۇ
دەيدېكەن كىم ھىجران دەردىنى تارتسا،
ۋىسالنىڭ شاراۋىن ئەشۇ ئىچىدۇ.

مەن دەيمەن بەك يامان نەرسىمەس ھىجران،
سىنايدۇ ساڭا ئۇ ساداقىتىمنى.
سېنىڭدىن كەچسەم گەر، كېچىدۇ مەندىن،
كۆڭلىڭدىن ئۆچىرىپ قۇتلۇق ئېتىمنى،
ئەسلىدە ۋىسالدىن يامانمەس ھىجران.
ۋىسال سەل سوۋۇتار مۇھەببىتىمنى...

# جازا

جاھاندا جازا بار، باردۇر كەچۈرۈم،
ئادەم بىر ئىللەتتىن بولمىغچ خالى.
مابادا ساتقۇنغا بەرسەڭمۇ ئۆلۈم،
بويندا قالىدۇ خەلقىنىڭ ئۇۋالى.

جىنايەت جازاسىز قالماس جاھاندا،
جازاسىز قالسا گەر، ئانچە كايىما.
نەزەردىن قالغاندىن يوقتۇر چوڭ جازا!
ئۇ تىرىك ـ ئۆلۈك بوپ يۈرەر دائىما.
كەچۈرسەڭ ھەممىنى كەچۈرگىن، ئاما
ئازغۇننى ئۆزغۇ دەپ، ھەرگىز ئايىما.

## دىل ئازار

تىل تاياقتىن قاتتىق دەيدۇ ئەل،
بێكار تىللاپ بەرمگىن ئازار.
تاياق ياندىن، تىل جاندىن ئۆتەر،
دىلازاردىن هەر كىشى بێزار.

تىل تاياقتىن قاتتىق دەيدۇ ئەل،
بايقمساڭ باشنى ياردۇ.
ئىنفاركت دێگەن تىلدىن، تاپىدىن،
چۆچۇشتىن ئۇ چۇشكەن "ياردۇ".
ئۇ ئايلاندى دەۋىر دەردىگە،
ئالەم نەگە كێتىپ باردۇ؟

## ئارمان

بولالمساڭ مىنىستىر، بولما،
بولماپتۇ دەپ ھېچ كىم رەنجىمەس.
ئالىم بولۇش ئوڭاي ۋە لېكىن،
ئادەم بولۇش دېيىشىدۇ تەس.

مەڭگۇ يوقتىن ياراتتىم سېنى،
يارىلىشىڭ ئۆزەڭگە باغلىق.
بىر ئاجىزغا تىرەك بولمساڭ،
ئادەملىگى دېمەمدۇ چاغلىق.
ئادەم بولساڭ رازىدىم، ئوغلۇم،
بولمساڭمۇ بىرەر ئاتاغلىق...

## بېچارە...

قوشتۇرۇشچۆن يارالمغان قول،
كېرەك بولسا بېگىز قىل ئۇنى.
قەددى دالدەك پۆكۆك شەخسنىڭ
بىر دەرەمگە ئەرزىمەس خۇنى.

سەن تۇغۇلغان چاغدا ئاتاڭنىڭ
بېشى كۆككە يەتكەن بولغېدى.
شاتلىغىدىن شورلۇق ئاناڭنىڭ
ئۆنى ئەرشكە كەتكەن بولغېدى.
شۆمشىيىپلا ئۆتمە ئالەمدىن،
دەپ ۋەسيەت ئەتكەن بولغېدى.

## تېپىشماق

چارەك ئەسىر كۈتتۈم بىر سېنى،
يەنە كۈتسەم شۇنچە كۈتەرمەن.
كۈتكەنگىلا كەلسەڭ بىر كۈنى،
بەش بالامغا كۈت دەپ ئۆتەرمەن.

بۇ دۇنيادا كۈتۈش بەك ئېغىر،
ئۇنى مەندەك كۈتكەنلەر بىلەر.
سەن كىم ئېيتىپ بولمايدىغان سىر؟
سېنى بەختى يۈتكەنلەر بىلەر.
سېنى كۈتەر مەندىن بۆلەك كىم؟
باشتىن بۇ دەرت ئۆتكەنلەر بىلەر...

# كايىش

مەن ساڭا سۇنغاندىم، دوستۇم، ئاق ئۆرۈك،
مېۋىگە مېغىزنى قوشۇپ يېسۇن دەپ.
سۇنمىغان ئۈچكىسىن چاقالماي تۇرۇپ،
سۇنمىغان مېغىزى ئاچچىق دېسۇن دەپ.

مېۋىدىن مېغىزنى تاتلىق دەيدۇ ئەل،
مېغىزنى يېيىشكە كېرەك سەل مېھنەت.
ئۈچكىسىنى چېقىشقا چىشىڭ ئۆتمىسە،
ئارتقىنىڭ نېمىسى ماڭا بىر ھىللەت.
مېغىزنى سۇنسام گەر، شۇندىمۇ كايىپ،
مېۋىسىنى سۇنماپتۇ يوق دەرسەن ھىممەت.

## ئۇنىڭسىز

دىلىمنىڭ ئەڭ ئېسىل مۈلكىدۇر سۆيگۈ،
گادايمەن قالسام گەر ئۇندىن ئايرىلىپ.
ئۆمۈردىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدۇ،
قىرانىمۇ قاناتتىن قالسا قايرىلىپ.

قەلبىمنىڭ مۈلكىلا ئەمەس ئۇ تەنھا،
ئۇنىڭسىز بۇنچە كۆپ ياشالماس دۇنيا.
ئۇنىڭسىز ئاپتاپمۇ ئىشق ئوتىدىن
چاچماستى ئانا يەر قوينىغا زىيا.
ئۇنىڭسىز بۇ كۆڭلۈم بولاردى يېرىم،
ئۇنىڭسىز باقماستى يارىممۇ قىيا.

## بىداۋا دەرت

دەردىم ئەگەر بىداۋا بولسا،
شۇغۇ مىنىڭ بەختىم قاچقىنى.
دەرتمەنگىلا دەرت راۋا بولسا،
شۇ ئەمەسمۇ توپان تاشقىنى.

دەردىم ئەگەر بىداۋا بولسا،
كىمگە ئېيتاي بىرىپ ھالىمنى.
مەندەكلەرمۇ باردۇر، بولمىسا،
كىممۇ ئۇقار مىنىڭ نالىمنى.
دەردىم ئەگەر بىداۋا بولسا،
تارتار بىر كۈن كىم ئۇگالىمنى؟

# قەسەمیاد

ئىرادەڭ قانچىلىك، سىنىماق بولساڭ،
قەسەمیاد ئەیلىگىن، قىلغىن ئىتائەت.
گۇناكار بولسەن قەسەمنى بۇزساڭ،
ئۆتمەيدۇ سەن قىلغان ئىبادەت.

ئەسلىدە قەسەمیاد ئادەمگە سىناق،
ئادەم سانىماس قىلساڭ خىيانەت.
قەسەمنى بۇزماقلىق نامەرتنىڭ ئىشى،
قەسەمنى بۇزماقلىق جەڭدە جىنايەت.
بۇزماقلىق سانىلار گۇناھ نىھايەت،
بۇزمايدۇ دىلىدا بارلار دىيانەت.

# بىلمىدىم

قارغىلار قاينام بولۇپ ئۇيىنىشىدۇ،
بۇ ئۇنىڭ توقلۇغىنىنىڭ ئالامىتى.
شۇندىمۇ تېزەك كۆرسە بوپىلىشىدۇ،
بۇ ئۇنىڭ بېساتىنىڭ كارامىتى.

قارغىنى قانچە بېقىپ، كۆتكەن بىلەن
بۇلبۇلدەك دىلغا ئارام سايرارمېدى.
قارغىغا تەييار تاپلىق تۇرسا ئادەت،
بىلمىدىم، بۆركۆتلۆككە يارارمېدى.
بۆركۆتلەر بولمىسا گەر بۆيۆكلۆككە
قارغىلار قاقىلدىشىپ چارلارمېدى.

## دۇنياخورلۇق

ئارتۇق دۇنيا باشنى يارىدۇ ،
ئاڭا كۆپقۇ ، دوستۇم ، گۇۋامۇ .
دېسەم ، دەيدۇ: نېمانچە كايىش ،
دۇنيا يىغماق شۇنچە گۇنامۇ ؟

ئارتۇق دۇنيا باشنى يارىدۇ ،
دېسەم كىمدۇ قۇلاق سالىدۇ .
سالمىغانلار ئىپەك قۇرۇتتەك
يىققان ئىپەك ئىچىدە قالىدۇ .
يىغىلسا گەر خەقنىڭ ھەققىدىن ،
كېكىردەكتىن بىر كۈن ئالىدۇ .

## ئارمان

هايات پۈتمەي، پۈتمەيدۇ ئارمان،
ئارمنىم يوق دېگەن گەپ يالغان.
ئارمان دېگەن ئاتا ـ ئانىدىن
ئەۋلاتلارغا مىراس بوپ قالغان.

ئارزۇسىغا يەتمىگەن ئازمۇ،
شېھىتلارغا شاھىت بۇ زامان.
ئەلەم قىلار ئېكەنغۇ ھەجەپ،
تا بىر ئۆمۈر قىلساڭمۇ ئارمان،
يار ۋەسلىگە يېتەلمەي ئۆتسەڭ،
يەتمەك تېخى بولسا دەرگۇمان.

## يامان ئىللەت

خالى بولماس كىشى بىر دەرتتىن،
خالى بولماس، ئەپسۇس، غەيۋەتتىن.
يۇقۇپ قالسا شۇ يامان ئىللەت،
جۇدا قىلار ئىزگۈ نىيەتتىن.

بىر قوساقتا پاتقان باللار،
ساق بولمىسا ئەشۇ ئادەتتىن،
كەڭ جاھانغا پاتماي ئايرىلار،
ئۆلمەي تۇرۇپ شۇ ئاداۋەتتىن.
تىرىك تۇرۇپ جۇدا بولۇشار،
قېرىنداشلىق دېگەن ئامەتتىن.

## جۈپلىك

ھەجەپ مۇڭلۇق چېلىنار دۇتار،
تولغانغاچقا قويىندا قوش تار.
گەر ئىككى تار گىرەلەشمىسە،
ئاڭا كىممۇ بولاتتى خۇشتار.

كۆڭگە ئاشىق ئايغىلا قارا،
ھەر نەرسىنىڭ پارىسى باردۇر.
جورىسىدىن بولغاننىڭ جۇدا،
دىلدا كۆيۈك يارىسى باردۇر.
بۇ دۇنيادا جۈپلىك بولمىسا،
قىيامەتنىڭ قارىسى باردۇر.

## پالتا ساپ

پالتغا ساپ بولمايمەن ھەرگىز،
گەر ساپ بولسام، شېخىم كېسلەر.
گەر ساپ بولسام، يوقايمەن ئىزسىز،
شېخىم تۆگۆل بىخىم كېسلەر.

بۇ سىر ئەمەس: ھەر كىم پالتىنى،
ئوتۇن كەسلەش ئۆچۆن ساپلايدۇ.
پالتغا ساپ بولغان ئوتۇنمۇ،
ھاي ـ ھاي، نادان، ئۆزىنى تاپلايدۇ.
باشقا چۆشكەن قىسمىتىنى قارا،
تا سۇنغىچە تىنىم تاپمايدۇ.

## چالما ئېتىپ...

چالما ئاتساڭ ، ئاتىۋەر مەيلى ،
پىشىپ كەتكەن پۇتلىشىپ تاشقا.
بۇ چاققىچە دوسىۇ ـ دۈشمەندىن
نە سەۋدالار چۈشمىدى باشقا.

چالما ئاتساڭ ، ئاتىۋەر مەيلى ،
پىشقىنىمنى كۆرستەر چالماڭ.
پىشقىنىمنى كۆرستەر بىلسەڭ ،
تۇتۇپ تۇرغان قولدىكى ئالماڭ.
چالما ئېتىپ ، ئاخىرى بىر كۈن
چالما ـ كېسەك ئاستىدا قالماڭ.

# جاسارەت

جاسارەت ئورۇن تاللمايدۇ ،
تاللمايدۇ ئاسمانۇ ـ يەرنى .
جاسارەت سورۇن تاللمايدۇ ،
ئاما لېكىن تاللايدۇ ئەرنى .

بېگۇناغا كۆتەرگەن قولنى
تۇتالىساڭ ، شۇغۇ جاسارەت .
سەلدەك تېشىپ كەلگەن غەزەپنى ،
يۇتالىساڭ ، شۇغۇ جاسارەت ،
سەندىن سوۋۇپ قالغان كۆڭۈلنى
ئۇتالىساڭ ، شۇغۇ جاسارەت .

## تالانت

تالانت —ئالتۇن ـ تىللا دېمەكتۇر،
شۇڭا ئۇنى ئاياق، ئادەملەر.
بۇ دۇنياغا تالانت كېرەكتۇر،
ئۆتكەن بىلەن ئۇنىڭسىز دەملەر.

تالانتلىقلارنى ئاياق، ئادەملەر،
سىزچۇن ئۆمرىنى قىلار ئۇ خىراج.
سىزنى بۇلاپ تالانتسىزلاردەك،
قىلمايدۇ ئۇ ھېچ تالان ـ تاراج
ئەل ئۆزىگە داغ سالسا ئاجىز،
ئەل بېشىغا تالانت بولار تاج!

## شاھ بولسام...

شاھ بولماسمەن، شاھ بولسام ئەگەر،
يوقىتاتتىم ئەسكەرنى، ئوقنى.
ئەسكىرى يوق چاغدا ئادەملەر
بىلمىگەندى سوقۇشنى، دوقنى...

شاھ بولماسمەن، شاھ بولسام ئەگەر،
تەڭشەر ئىدىم قارنى ئاچ، توقنى.
ناپاكلارنى دارغا ئاساتتىم،
پاكقا بىرىپ بارچە ھوقۇقنى.
يەر زىمىندىن پالاتتىم ئايغا
ئىشتقاتى، ئىمانى يوقنى...

## چاۋاك چېلىپ...

قۇياش تەپتى قارايتقان قىزنى
باردۇر راستى سۆيۈپ ئاقارتقۇم.
كەتمەن چېپىپ يېرىلغان قولنى
يوقتۇر چاۋاك بىلەن قاپارتقۇم.

چاۋاك چېلىپ ئۆتتى بۇ ئۆمۈر،
ئاخىر ئۇندىن تاپتۇق نە پايدا؟
يالغان گەپنى راستەك سۆزلەشتىن
تاش تەرگىنىم ياخشىغۇ سايدا.
نېمە پايدا يەرنى كۆيلەشتىن،
ئەگەر بولسا ئەس ـ يادىم ئايدا.

## بولالماس...

بەزىلەر ئۆزىنى دانا سانايدۇ،
دانا مەن دېسلا، دانا بولالماس.
بەزىلەر ئۆزىنى رەنا سانايدۇ،
رەنا مەن دېسلا، رەنا بولالماس.

ھەر كىشى ئۆزىنى بىلمەيدۇ ئەسلا،
شۇڭا بىر ئىللەتتىن ئادا بولالماس.
ھەر كىشى "مەندۇرمەن!" دېيىشى راسلا،
بولمىسا ئاسمانغا، خادا بولالماس.
ھەر كىشى ھەر بالا بولۇشى تەسلا،
ھەر بالا بولسىمۇ خۇدا بولالماس.

## قىزىق...

بۇ دۇنياغا قانداق تۇغۇلسا ،
شۇنداق كېتەر كىشى ئۆمۈردىن.
مېھر ـ شەپقەت ئەگەر بولمىسا ،
پەرقى بارمۇ تاشتىن ـ تۆمۈردىن.

تۇغۇلغاندىن تاكى ئۆلگىچە
كىشى غەمدىن بولمايدۇ خالى ،
ئۆزىنى كۈتۈپ ئۆتۈشتىن كۆرە
دۇنيا قوغلاپ قالمايدۇ ھالى.
ئۇنىڭسىزمۇ قىسقا ئۆمۈرنىڭ ،
بۇ دۇنيادا كۆپچۇ زاۋالى...

# ئازغۇنلۇق

بىر دوستۇڭ بىراۋغا سېنى ساتتىمۇ،
بىراۋغا ئۇنىڭمۇ سېتىلغىنى شۇ.
پەيت پايلاپ، ئارقاڭدىن سېنى ئاتتىمۇ،
رەقىپ بوپ، رەقىپكە قېتىلغىنى شۇ.

ئازغۇنلۇق دەردىنى كۆپ تارتقان خەق بىز،
ئازمىدى بۇ باشقا چۈشكەن مالامەت.
دوزاقنىڭ ئازاۋى بولار شۇنچىلىك،
گەر بولسا، شۇنچىلىك بولار قىيامەت.
ئازغۇنلار دەستىدىن بەخت ئۆز ئۆرۈپ،
قاچقانغۇ بىر چاغلار كەلگەن زور ئامەت.

# بۇ يەر...

گێدەرەپ يۆرسەن، ئێگىلمەك تەسمۇ؟
ھێلىمۇ بەختىڭنى يەردە تاپقىنىڭ.
ئاخىر بۇ ئاسماندىن چۆشكەن ئەمەسقۇ،
ئۇچاڭغا سىڭىشقان تون دەپ ساپقىنىڭ.

ھێلىمۇ بۇ يەردە ئويناپ ئۆسكىنىڭ،
يىقىلساڭ يۆلەيدۇ يەردىن بۆلەك كىم؟
سێنىڭچە گێدەرەپ ئاسمانغا باقماس،
سامانىڭ سىرىنى ئاچقان مۇنەججىم.
بىلسەڭدى بۇ يەردە ئاتاڭ خاكى بار،
بار مىڭ يىل ياشىغان ئۇ لۇقمان ھاكىم.

## شۈكۈر

هەر كۈنى كۈن كۆرسەم، دەيمەن مىڭ شۈكۈر،
بۇ كۈننى كۆرگەن بار، كۆرمىگەنلەر بار.
غەنىمەت بۇ دەمنىڭ لەززىتىنى سۈر،
ئاه، ئۇنى سۈرگەن بار، سۈرمىگەنلەر بار.

بىر قېتىم كېلىدۇ هاياتقا ئادەم،
بۇ كۈنگە يەتكەن بار، يەتمىگەنلەر بار.
تۇغۇلماس تارتقىلى كىشى دەرت ـ ئەلەم،
ئارمانسىز كەتكەن يوق، كەتمىگەنلەر بار.
ئارزۇغا يەتكەن بار، يەتمىگەنلەر بار.
كۆڭلىن خۇش ئەتكەن بار، ئەتمىگەنلەر بار.

## ھەقىقەت بولمسا...

ھاياتتا ھەقىقەت بولمسا ھاكىم،
ناھەقىنىڭ تاشلىرى دۆڭگە دومۇلار.
ئوينىشار بوزەك قىپ بىر ـ بىرىنى ھەر كىم،
بۇ ھەجەپ، ھەق گەپكە كۆزلۈك يۇمۇلار.

ھاياتتا ھەقىقەت بولمسا ھاكىم،
بۇ باشتىن ھېچ نېرى كەتمەس نادامەت.
بىر قۇدرەت —ھەقىقەت بولمسا دايىم،
ياغاردى يامغۇر بوپ، قار بوپ كارامەت.
ھەقىقەت بولمسا تۇۋۋا، خۇدا، دەپ،
كۆرەردۇق كۆرگەندىن كۆپىرەك ئالامەت.

## كاتتا بايلىق

ئۆز يۇتنۇڭدا سەن پادا باقساڭ،
مەن سېنى ئەل شاھى دەر ئىدىم.
ئەگەر ئەلدىن ئايرىلىپ قالساڭ،
ئۆز ئۆزەڭنى دەۋەر دەردىم.

ئەلنىڭ بارىئى ئۇ، كاتتا بايلىق،
چوڭ گادايلىق —ۋەتەن گادايلىق!
ئۆز يۇتنى يامانلىغاننىڭ
ئۆزگە يۇتتا تاپارى تايلىق.
ئۆز ئىلىدىن كەچكەننى ئاخىر
كەچۈرمەيدۇ ھەرگىز خالايىق.

# ساداقەت

ساداقەت ۋاپادا سىنىلار،
ساداقەت جاپادا سىنىلار.
ئۇ تەنە ـ تاپادا سىنىلار،
ئۇ كەيپ ـ ساپادا سىنىلار.

ئادەمدە ساداقەت بولمىسا،
كىرپىكتىن قۇرىماس ئېدى نەم.
ساداقەت بولمىسا، قايغۇ ـ غەم —
ھاياتتىن كەتكۈزەر ئېدى تەم.
ئالەمدە ساداقەت بولمىسا
جاھانمۇ بولاردى جەھەننەم.

## ئۆمۈر

ئۆمۈر ئايغا ئوخشايدۇ ھەجەپ،
گاھى تولۇپ، ئازىدۇ گاھى.
گاھى قاھ ـ قاھ كۈلدۈرگەن بىردەم،
گاھى ئېزەر يۈرەكنى ئاھى.

ئۆمۈر ئايغا ئوخشايدۇ، ئامما،
بىلەمدۇق ئاينىڭ سىرىنى.
مەن بىلمەن دېگىنى بىلەن
ئەقىل يەتمەس سىرلىق ئالەم بۇ.
بىلسەك، بىلدۇق مىڭدىن بىرىنى.

## بىسوراق

ئايال نەفىل روزىسىن تۇتسا،
راۋا بولماس ئەردىن بىسوراق.
ياخشى خوتۇن ئېرىنى پىر تۇتسا،
يامان خوتۇن قىلىدۇ سوراق.

ياخشى ئايال ئەرنىڭ ئارمنى،
ئەرگە ئۆمۈر تىلەيدۇ ئۇزاق.
ئەرگە يانار ئۇنىڭ يامنى،
ئۇنداقلار ئۈچۈن قۇرۇلغان دوزاق
يامانلارنى ئېرى يەكلىسە،
ئېلى يەكلەپ، قىلىدۇ مازاق.

## جۈپتىك دۆلىتىك

بۇ جاھاننىڭ ئەسلى راھىتى،
ياخشى بولسا جۈپتىك دۆلىتىك.
يامان بولسا جاننىڭ ئاپىتى،
ياخشى بولسا ياندا سۆلىتىك

ياخشى بولسا، قېنىپ كۈلەرسەن،
كەلمىسىمۇ كۈلۈش مۆرىتىك
يامان بولسا تۈگەپ ئۆلەرسەن.
كەلمىسىمۇ ئۆلۈش نۆۋىتىك
ئانىسىنىڭ ئاياق ئاستىدا
خار بوپ قالار سېنىڭ سۆرىتىك...

## توزاق

تۇرنا قاتار مىئۇر دۇكالا
تىچت مولغان ئەي ۋە هاراقلا
يارىشامدۇ مۇسۇلمان ئەلگە،
خۇشتار بولۇش "قىزىلغا ـ ئاققا".

ئەلھەمدۇللا مۇسۇلمان بولساق،
قالمايدۇدە مۇنچە مازاققا
مىراس ئەمەس ئاتا ـ بوۋىدىن.
هاراق، ئۇيغۇر بىلەن قازاققا!
ئىچىۋەرسەڭ ئەقلىدىن ئېزىپ،
چۈشۈپ قالمايلى يەنە توزاققا...

## كەبنى بىلمەي

ئانىلار ئايىغى ئاستىدا جەننەت،
دەپ قولىغا مەي تولغان قەدەھ تۇتقازدۇق.
قىزلارغا گۈل تۇتماي، سىگارېت سۇنۇپ،
"قالاقلىق" دەستىدىن ئۇنىڭ "قۇتقازدۇق".

شۇنداق قىلىپ ئەۋلاتنىڭ غېمىنى يېمەي،
گۆركار بوپ ئۇلارنىڭ قەبرىنى قازدۇق.
شۇ ياشقا كەلگىچە كەبنى بىلمەي،
يەتمىش يىل قايمۇقتۇق ئاداشتۇق ـ ئازدۇق.
شۇنداق قىلىپ جەننەتۇلمەھۋائىن قېچىپ،
بەخت ۋە ئامەتنى تۇيماي ئۆتتۇق.

## سۇبھانۇ ئاللاھ

بىسمىللاھىر راھمانىر رەھىم،
كىملىگىمنى بىلدىڭغۇ، خۇدا!
نەگۇناھىم باردى بىلمىدىم،
ئانا يۇرتتىن قىلدىڭغۇ جۇدا.

مەن ئىشەنگەن ئالىپ تاغلاردىن.
ھېچ بىر چىقاي دېمەيدۇ سادا.
كۆزۈم ئوچۇق كەتمەيدۇ مىنىڭ،
غېرىپلىقتا بوپ كەتسەم ئادا؟!
قۇتۇلمىدى غەمدىن بۇ بېشىم،
قۇتۇلدۇرغان، سۇبھانۇ ئاللاھ!

## ئۆتنە ئالەم

ئەجداتنى يامانلاپ ھەرگىز تاش ئاتما،
تاش ئاتساڭ، ئەۋلاتلار ساڭا ئوق ئاتار.
بۇ پانا دۇنيادا مۇھەببەت، نەپرەت،
شاتلىق ۋە قايغۇدەك ياشايدۇ قاتار

بىراۋنى ساتساڭ ئەگەر، سېتىلدىم دەۋەر،
بىراۋمۇ بىر كۈنى بىر يەردە ساتار.
بۇ ئۆتنە ئالەم بۇ قىياس قىلچى.
بىلەگلىك پېتىگە، كۆرەڭلەپ كەتمە،
قىلمىشىڭ كۆكسۈڭگە خەنجەر بوپ پاتار.

# ياخشى

ياقا يۇرتتا تەخت تالاشقاندىن ،
ئۆز ئېلىمدە خارلىغىم ياخشى.
مېنى ئۈنچە يامان دېمەڭلار ،
مېنىڭمىچۇ بارلىغىم ياخشى.

مال ـ دۇنياغا ئىشق باغلىماي ،
ئەلگە ئاشىق ـ زارلىغىم ياخشى.
ئەل بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشسە ،
كۆتەرگىلى بارلىغىم ياخشى.
دوستلىرىمغا بارلىغىم ياخشى ،
دۈشمىنىمگە دارلىغىم ياخشى.

# هالاللىق

ياخشىلىقتىن كۆپچۈ يامانلىق،
بۇ دۇنيانى باسقاچ هارامىلىق.
شۇڭا ھەقچۇن ئېلىن باغلىغان.
هالاللارغا يوقتۇ ئارامىلىق.

هالال بولساڭ، ھەق گەپنى ئېيتىپ،
قىپ قوسەن ھەتتا قارامىلىق.
ھەسرەت چېكىپ ئۆتەركەن كۆڭۈڭ،
گەر يارىلىپ قالساڭ يارامىلىق.
بۇ دۇنيانى باسقاچ هارامىلىق
هالاللارغا يوقكەن ئارامىلىق

1994 ـ يىل

## ئارمان

تېپىلمىسا بىرەر يۇتۇم سۇ،
تېپىلمىسا بىرە ئۇردا نان.
كىرەك بولسا، قان ساتىمەن ـ قان!
ئەمما ـ لېكىن ساتمايمەن ۋىجدان.

يارىلىشتىن يار ماڭا ئىمان،
ياقا يۇرتتا ئۇ ماڭا دەرمان.
ئەل قاتارى كۆرسەم ئېلىنى،
قالماس ئېدى يۇرتتىن ئارمان.

قالغان ئىشنىڭ قارى چاغلىققۇ،
بولسا بولدى ئەزىز باش ئامان.

# دوست

دوستقا قەست قىلساڭ ناۋادا ،
ھېچ كىشى دېمەس دۇرۇس.
دوستنى دوست ساتسا مابادا ،
تىل كېسەر ئېكەن قابۇس.

دوستنى بىز ياردىن ئەزىز دەپ ،
قولغا تۇتتۇققۇ توس.
دوستقا قەست قىلغاننى كۆرۈپ ،
مېنى ئۆلتۈردى نوئۇس!
سېنى ياۋ ئۆلتۈرسە ، دوستۇم ،
مېنى دوست ئۆلتۈردى ——دوست...
1994 ـ يىل

## ھەيھات

كىملەر كېلىپ، كىملەر كەتمىگەن،
كىمدىن ـ كىمگە قالمىغان ئالەم.
ئۆزى تويسا، كۆزى تويماستىن،
نېچۈك سەرسان بولىدۇ ئادەم؟

ئالەم دېگەن شاتلىقىبىلەن غەم،
مەن كۆرمىدىم ئادەمنى بېغەم.
ياخشىلارغا ياراشمىغىنى
ھەيھات، ماڭا قىلىدۇ ئەلەم.
بۇ بېۋاپا ئالەمگە كۆيۈپ،
قىلما ھەرگىز كىرپىكىڭنى نەم.

## خۇدا ساقلىسۇن

ئۆزۆلمىسە باغلاردىكى گۆل،
ئێگىسدىن ئەگەر بێسوراق.
ئاغرىمىسا بۇ نازۇك كۆڭۆل،
ئۇنداق ئەلدە ياشاش ياخشىراق.

ئەگەر بولسا دىلىڭ بێئارام،
گەر تاپمىسا بۇ كۆڭۆل ئارام،
ياشاشتا نە مەنا بار، دوستۇم،
هالال ئىشىڭ تۇيۇلسا هارام.
ئۇنداق كۆندىن خۇدا ساقلىسۇن،
بوپ قێلىشتىن بىراۋغا قارام.

## ئىنساپ

قىيامەتنىڭ بەلگۈسمۇ بۇ ،
ئادەملەردە قالمىدى ئىنساپ.
قېرىنداشلار سوتتىنا سۆرىشىپ ،
قىلىشمىغان قالمىدى ھېساپ.

جاھان جۇدۇر ، سۇ ئىچكەن ئۆلۈپ ،
ئوغا ئىچكەن يۈرىدۇ شۇ تاپ.
يەر ، سۇ ، ھاۋا بۇلغىنىپ كەتتى ،
ئانا بىتاپ ، ھامىلە بىتاپ.
تائاملاردا بۇرۇنقى تەم يوق ،
ئەمدى كىمگە قىلىمىز خىتا؟!

# سېغىنىش

سىغىنسام ئاتامغا دىلدىن سىغىناي،
ياراتقان ئۆزىدىن نېچۈك غەم قىلاي،
ئۆزەمدىن ئۆزگىدىن نېچۈك غەم قىلاي،
جېنىمنى ئالسا گەر، ئۇ ئاللاھ ئالسا.

بىراۋنىڭ نېمىشكە سادىغىسى كېتەي،
بىراۋلار پۈتمىسە ماڭا قوش قانات.
بىراۋغا نېمىشكە مەن تازىم ئېتەي،
بىراۋلار بوپتىمۇ مەنگۈ ئىككى قات؟!
سىغىنسام ئانامنئى دايىم ياد ئېتەي،
ئىشىمۇ ئوڭشىلار روھى بولسا شاش.

# تەتۆر تەقدىر

دەريا كەبى بۇ ئۆمۈر ئۆتەر،
ئۆمۈر ـ دەريا، ئارتقا ياخشىلىق كۆتەر،
كىشى ھەر كۈن ياخشىلىق كۆتەر،
ئامما تەغدىر ئاڭا باقمايدۇ.

يارىلىشتىن تەتۆربۇ تەغدى،
قاق دېگەنگە قانات قاقمايدۇ.
قىزىلىغى ياققىنى بىلەن،
قىرسقلىغى ئۇنىڭ ياقمايدۇ.
ئامەت كەلسە كۆرەڭلەپ كەتمە،
دەپ: بېشىمدا چاقماق چاقمايدۇ...

## ئۆمۈرنىڭ زاۋالى

بۇ دۇنياغا قانداق تۇغۇلسا،
شۇنداق كېرەك ئادەم ئۆمۈردىن.
سەندە مېھر ـ شەپقەت بولمىسا،
پەرقىڭ بارمۇ تاشتىن، تۆمۈردىن.

تۇغۇلغاندىن ئۆلگىچە تاكى،
كىشى غەمدىن بولمايدۇ خالى
ئۆزىنى كۈتۈپ يۈرۈشتىن كۆرە
دۇنيا قوغلاپ قالمايدۇ ھالى.
ئۇنىڭسىزمۇ قىسقا ئۆمۈرنىڭ
بۇ ئالەمدە كۆپچۇ زاۋالى...

## ئېچىنىمەن

يادىمدا يوق قاچاق كۈلگىنىم،
كۆپ بولدىغۇ كۈلمىگىنىمگە.
غەمدىن خالى بولمىدى بېشىم،
ئۆزەم ھەيران ئۆلمىگىنىمگە.

ئېچىنمايمەن راستى ئانچىلا،
شاھتەك ئۆمۈر سۈرمىگىنىمگە.
ئېچىنىمەن ئەللەر قاتارى.
بويۇمنى تەڭ كۆرمىگىنىمگە.
ئېچىنىمەن قاقاھلاپ كۈلۈپ،
ئۆز ئېلىمدە يۈرمىگىنىمگە!

# يۈرىگىم

دەردىمنى كۆپ تارتتىڭ، يۈرىگىم،
تارتتىڭ يېرىم ئەسىردىن ئۇزاق.
قانداق قىلاي، يوققۇ يۆلىگىم،
يوللىرىمدا تۇرسا كۆپ توزاق.

بۇنچە دۈپۈلدەپ سوقما، يۈرىگىم،
ئۆتۈپ كەتمەس ئۆمرۈم موشۇنداق
بىر كۈنى توي، بىر كۈنى هازا،
يارىلىشتىن بۇ هايات شۇنداق
خۇش قىلارمەن كۈتكەن كۈن كېلىپ،
يېرىلمىساڭ بولاتتى شۇ ۋاق.

## ئىشەنچ

ئىككى نەرسىگىلا ئىشەنگىم زوردۇر،
ئىككى نەرسىگىلا بادۇر ئېتىقات.
ئىككى نەرسە، بەلكى، دەرسەن نېمدۇر،
بىرى ئاللاھ، بىرى ئۇ بەرگەن تالانت.

مېنى ھەر قەدەمدە تالاي بالادىن
مېنى بىر ساقلىسا، دۇئا ساقلىدى.
رەقىپ يامان ئاتلىق قىلسا يارلادىن
مېنى بىر ئاقلىسا ـ شېئىرىم ئاقلىدى.
شۈكرى، يېغا ياغسا ياندىن، تالادىن،
زىغىردەك ۋىجدانى بارلار ياقلىدى.
1994 ـ يىل

## ئارمان

ئۆلۈم ھەقتۇر، قورقۇپ ياشما،
ئۆلۈش ئاسان، تىرىلمەك تەستۇر.
باقى ئەمەس ھېچ كىمگە دۇنيا،
دۇنيا دېگەن ئارزۇ ـ ھەۋەستۇر.

ئارمان قىلار ھەر كىم ھەر نېمە،
شاھ بولۇشنى ئويلىمايدۇ كىم؟
ئۆز ئېلىمدە يۈرسەم قوشالتا،
ئارمىنىم يوق دەر ئېدىم، بەلكىم
بەختىم قارا دېسەم، نالە قىلسام،
قارا يۈز بوپ كېتەي ئېگە كىم.

## ئىست

زايە كەتتى تۆكۈلگەن قانلار،
كۈتكەن كۈنلەر بولمىدى نېسىپ.
كوچا ـ كويغا تولدى ئايالالار،
ئەرلەر ئۆيدە تۇرار بوي قىسىپ.

بىلىنمەيدۇ چىۋىن چائاندەك،
بىر ـ بىرىنى قويۇشسا ئېسىپ.
پۇلۇڭ بولسا سودىلىشىپ سوت،
سېنىڭ قانلىق قولۇڭنى قىسىپ،
ئۆلگەننى چوڭ گۇناھكار قىلىپ،
ناھەق ھۆكۈمنى بېرىدۇ كېسىپ...

## تەلەي دېگەن

بەخت قۇشى قونسا قولۇڭغا،
چىڭ تۇت، ئۇچۇپ كېتىشى باردۇر.
تەلەي دېگەن بېۋاپا ياردەك
يالغان قۇچۇپ يېتىشى بادۇر.

يارىلىشتىن ئۇبۇ دۇنيانىڭ
ساختىلىققا چېتىشى ئاردۇ.
ئامەت دېگەن ئالدامچى ياردەك
سۆيۈپ تۇرۇپ سېتىشى باردۇر.
كۆزۈڭ كەتسە غەپلەت ئۇيقىغا،
كۆكسۈڭگە تىغ ئېتىشى باردۇر.

# ھەيرانمەن

مەن ھەيرانمەن، ئادەم قەدرىنى
ئۆلچەيدىغان بولدۇق پۇل بىلەن.
كىرىپ قالدۇق خالتا كوچىغا،
نەگە ماڭدىق تۈيۈق يول بىلەن.

ئادەم ئەزىز ئەمەس پۇل بىلەن،
ئاينىڭ قارى بولماس قەل بىلەن.
ئەڭ چوڭ بايلىق ـ مەنىۋىي بايلىق!
مەن چادايمەس قۇرۇق قول بىلەن.
پەلى بولسا، قارغا ـ قۇزغۇننى
تەڭ دەپ بولماس شۇ بۇلبۇل بىلەن.

## قىساس

نۇقسانى يوق ئاللاھ ئەمەسمەن،
ئادەممۇ يوق بىرەر نۇقسانسىز.
تۇغۇلغاندىن ئىنسان ئۆلگىچە
خالى بولماس نۇقساندىن سانسىز.

نۇقساندىمۇ نۇقسان بار، بىراق
دۇنيا ئەمەس ھەرگىز ھېساپسىز.
بىراۋغا قەست قىلدىڭمۇ ـ پۈتتۈڭ،
ئۇنىڭ ھەققى پۈتمەس قىساسسىز.
بۇ دۇنيادا قان تۆككەن يامان،
قان يۇيۇلماس قىساسسىز قانسىز...

## ھەقىقەت ئېگىلىدۇ

بىر مىللەت ياشايدۇ كاۋكاز تېغىدا،
بېشىنى چاپساڭمۇ، تىزى پۈكۈلمە.
كۆكسىنى يارساڭمۇ خەنجەر تىغىدا،
ئاھ، ئۇرۇپ، بىر تامچا يېشى تۆكۈلمە.

ئاللادىن ئۆزگىگە ھەرگىز ئىشەنمەس،
ئالاغا يېتىدۇ ئەرزىم دەپ بىلە.
مۇجاھىت گەر شېھىت بولسا كۈنمەس،
ۋەتەن ئۈچۈن ئۆلمەكنى قەرزىم دەپ بىلگەن.
ھە، ئۇنداق مىللەتنى قۇل قىلماق قىيىن،
چۈنكى ئۇ جىھادنى پەرزىم دەپ بىلەر.

## جۆھەر دودائىۋقا

ئېلىڭنى ئىبلىسلار قىلغانىدا پەيمال،
قۇرۇق قول سېنىڭدىن سورامىمدىم ھال.
خەلقىڭنىڭ بەختىگە سەن بار ئېكەنسەن،
يولۋاستەك ئىزىدىن قايتماس، گېنېرال!

سەن ئەرلىك ئىستىسەڭ، چەيلەشنى ئىستەپ،
تانكىلار قاتمۇ ـ قات قىلىشتى قامال.
سېنى سوت، سوراقسىز ئۆلۈمگە بۇيرۇپ،
چېچەننى قۇرۇتماق بولدى بېمالال.
يوقامدۇ قىرغانغا جەسۇر بىر خەلىق،
ئازاتلىق ئىستىگى تۇرسا بېزاۋال.

## ئالتۇن مېدال

موسكۋانىڭ خۇشى يوق ئېكەن،
مۇستەقىللىك دېگەن سۆز بىلەن.
گرۇزنىيغا بېسىپ كىردى ئۇ،
يەرۇ ـ ئاسمان، دالا ـ تۈز بىلەن.

ۋەيران قىلدى بېرلىنندىن بەتەر،
قانداق قاراي قايسى كۆز بىلەن.
كىم ئىشىنەر "تېچلىق" سۆزىگە،
قانداق قارار قارا دۈز بىلەن.
ئالتۇن مېدال ئالدى يېڭىلىپ،
قانخور سەردار قايسى ئۈز بىلەن.

## قانخور شاھ

ئاچ خەلق كوچىغا چىققادا توۋلا ،
بىلگەدىم مەن ئۇنىڭ "غەخورلۇغنى"
"ئات!" دەپ ئاق ئوردىسنى تۇرغاندا ھۇۋلاپ ،
بىلگەندىم مەن ئۇنىڭ قانخورلۇغنى.

كاۋكازغا تۇيۇقسىز بېسىپ كىرگەدە ،
بىلگەن ئىدىم باسمىچى ، ئوغۇرلىغنى.
بىلمىدىم مەن ئۇنىڭ توغۇرلىغنى ،
بىگەندىم زوراۋان ۋە زورلىغنى
قانھور شاھ بېگۇناھ تۆكۈلگەن قاننىڭ
بىر كۈنى تاتىدۇ ئۇ خورلىغنى.

## غەم يېمە

ئەتىكى كۈن ئۈچۈن بۈگۈن غەم يېمە،
بۈگۈننىڭ تەغدىرى ئىلكىڭدە ئەمەس.
دۇنيانى تەشۋىشكە تولمىغان دېمە،
قولۇڭدىن كەلسە بول بىر ئاز غەم يېمەس

كۆز ئېچىپ يۇمغىچە قىسقا بۇ ئۆمۈر،
غەم قىلىپ، سەن ئۇنى يەنە قىسقارتما.
غەم يېسەڭ، غەم يەيدۇ بولساڭمۇ تۆمۈر،
ھەممىنى نائىلاي ئۆشنەڭگە ئارتما.
تەغدىرگە تەن بېرەر ئەقىللىك ئادەم،
تەن بەرمەي، دەرت كەلسە، بىر ئۆزەڭ تارتما.
2008 ـ يىل

## بەخت دېگەننى...

يادىمدا يوق قاچان كۈلگىنىم،
كۆپ بولدىغۇ كۈلمىگىنىمگە.
شۇنچە جاپا ـ مۇشاققەت تارتىپ،
ئۆزەم ھەيران ئۆلمىگىنىمگە.

ئەل: "جاپانى كىم تولا تارتسا،
گۆھەرنى شۇ، ـ دەل، ـ ئالۇر تاشتىن".
زەرەر تاپتىم، ھېچ پايدا تاپمىدىم،
نە سەۋدالار ئۆتمىدى باشتىن.
ئاخىر بىلدىم بەخت دېگەننى ـ
تېپىپ بولماس ئېكەن كۆز ياشتىن.

## توۋا

توۋا دەپ ياقامنى تۇتمەن  ـ توۋا ،
ئىشەنگەن تاغلاردا كېيىك ياتمدى .
بىر پاي ئۇق ئاتماستىن ، شېھىت بولماستىن ،
ئازاتلىق ئالغانلار ماڭا ياتمدى؟!

يە مېنىڭ گۇنايىم قاتما ـ قاتمدى ،
باشقىغا ئاتقان تاڭ ماڭا ئاتمدى .
بىراۋنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشماق ،
دەمسانا يۈرەككە تىغ بوپ پاتمدى...
مەن توۋا دېمەستىن كىم توۋا دېسۇن ،
يە ياراتانغا بۇ ئۇيغۇر ياتمدى؟!
1992 ـ يىل

## ئۇ شائىر ئەمەس

بىرى ئاقنى قارا دە دېسە،
بىرى ئاقنى قارا دىيەلىسە.
ئەل ئىشەنمەس، ئۇ شائىر ئەمەس،
ئۇ ماڭلايغا پۈتكەن دەدىسە.

شائىر ئەلنىڭ ئەركە بالىسى،
ئۇ دېمەيدۇ بىرسى دە دېسە...
ئاڭلانمايدۇ ئۇنىڭ نالىسى،
ۋەتەن ئەگەر جاننى بەر دېسە.
يارىشىدۇ دات باسمايدىغان ـ
تىللا دېسە، شائىر ـ زەر دېسە.

## ئامەت

ئاينىڭمۇ ئاقىرىپ پېتىشى باردۇر،
ئاپتاپنىڭ قىزىرىپ ئېتىشى باردۇر.
بۇ ئالەم دېگىننىڭ شاتلىق يە غەمدۇر،
ئامەتنىڭ بىر كېلىپ ـ كېتىشى باردۇر.

بەش كۈنلۈك ئالەم دەپ ئۈمۈت ئۈزمىگى،
بىزگىمۇ بەختنىڭ چېتىشى باردۇر.
ئانچىلا ئۇزۇققا سوزۇلماس بۇ تۈن،
سۇبھىنىڭ سۈزۈلۈپ ئېتىشى باردۇر.
تارىختا ھېچ كىمدىن كەم ئەمەس خەخ بىز،
ئاھىمىز ئاللاغا يېتىشى باردۇر.

## ئوبۇد ئەلاخان مونولوگى

قاچانكى ۋەتەندىن مەن جۇدا بولدۇم،
خان ئېدىم، شۇ كۈندىن مەن گاداي بولدۇم.
ھىجرەتتە ھىراننىڭ دەردىنى تارتىپ،
ھەممىدىن بىر يولى مەن ئادا بولدۇم.

ئىككى تاغ يەلكىسىنى باسقان خەلقىمگە،
قېرىنداش ـ قاياشقا باش پانا بولدۇم.
ئەزەلدىن تەغدىرى تەتۈر يېشىلگەن
ئېلىمنىڭ دەردىگە مەن داۋا بولدۇم.
مەن مەزلۇم ئۇيغۇرنىڭ سۇلتانى ئېدىم،
ئاقىۋەت دەرت ئېيتار دادىخا بولدۇم.
1971 ـ يىل

## دەيمۇ ـ دېمەيمۇ؟!

بىر ئاتىدىن تۆرەلگەن تۇرۇپ،
پېتىشمىدۇق شۇنچە كەڭ شەھەردە.
بولامدېكەن ئۇنىڭ سورىغى،
قىيامەتتە ـ تەڭلا مەھشەردە؟

بىر ئانىدىن تۇغۇلدۇق ئەسلى،
ھاۋا ئانا بىزگە ئۆچمەيدۇ؟!
ئورا كولاش (ئۆلمەي تۇرۇلا)،
دېمەيدىغۇ ھېچ بىر تۆگەرمۇ!
ئۆزىمىزنىڭ نادانلىغىنى
ئۆزىمىزنگە دەيمۇ ـ دېمەيمۇ؟!

## ھەقىقەت بارمۇ؟

ھەقىقەت دۇنيادا بارمۇ بىلمىدىم،
بار بولسا، ئىزدىمەس ئىدى ئادەملەر.
بار بولسا، مەن ئۇنى يوققۇ دېمىدىم،
بار بولسا، بولماستىن غەملەر، ئەلەملەر.

ھەقىقەت بارمۇ يە يوقمۇ بىلمىدىم،
بار بولسا تىغلارنىڭ ئارىسىدا ئۇ.
رەقىبى كۆكسىگە خەنجەر سانجىغان
قىساسكار كۆزلەرنىڭ قارىسىدا ئۇ.
"مۇڭزارنى" ئاڭلىسام، ئاچچىق ھەقىقەت
بۇغۇلدار دۇتارنىڭ تارىسىدا ئۇ.
1986 ـ يىل

## ئارسىز ئايال

ئايالنىڭ يامنى ئەرگە يانغىنى،
يانغىنى ھايادىن ئۇنىڭ تانغىنى.
ئار بىلەن قوش گېزەك تۇغۇلغان تۇرۇپ،
يانغىنى ـ ئېرىدىن ئۇنىڭ چانغىنى.

ئايالنىڭ يامنى ئەرگە يانغىنى،
ھە، ئۇنداق ئايالالار ئارامچىسىز دار.
ھاياتقا بىر قېتىم كېلىدۇ ئادەم،
ئۆمرۆڭنى ئۇ بىلەن ئۆتكۆزمە بېكار.
بىلەمسەن، ئەر ئۆچۆن كېچىپ ۋەسلىدىن،
ئېرىگە جان پىدا ئايالارمۇ بار.

## ئىلتىجا

مىڭ يىللىق مۇسۇلمان پۈشتى بوپ تۇرۇپ،
قانداق شەك كەلتۈرەي دەپ خۇدا يوقتۇر!
تىلىگىم ئىجاۋەت بولمىسا نېتەي،
دەردىمنى تىڭشاشقا دادىخا يوقتۇر.

ئەجداتلار ئالەمنى سورىغان بولسا،
ئەۋلاتلار بويىندا ھېچ گۇننا يوقتۇر.
ھىجرەتتە بىر دەرتكە بولۇش مۇپتىلا،
سورىسام دەردىمگە ھېچ داۋا يوقتۇر.
قىيامەت كۈنىگە قالماس داۋارىم،
ئاللاھتىن باشقا بىر پانا يوقتۇر.

## بۇ هايات

بلەمسەن، بۇ هايات دېگەن نېمە ئۇ؟
ئۇ —كۆرەش خيانەت ئارا ديانەت...
جنايەت جاھاننى قاپلاپ كەتسمۇ،
ساقلايدۇ بالادىن قلغان ئبادەت.

جنايەت جېنىمنىڭ راھتى دېمە،
ئەسلى جان راھتى بىلسەڭ ئبادەت.
بۇ هايات داۋالغۇپ تۇرغان بىر كېمە،
ئىنساپلىق ئادەملا تاپار ئىناۋەت.
بلەمسەن بۇ هايات دېگەن نېمە ئۇ؟
بىر ئاللاھ سىناش ئۈچۈن بەرگەن ئىجايەت!
2008 ـ يىل

# جاسارەت

جاسارەت ئورۇن تاللمايدۇ ،
تاللمايدۇ ئاسمانۇ يەرنى.
جاسارەت سورۇن تاللمايدۇ ،
ئاما ، لېكىن تاللايدۇ ئەرنى.

ئاجىزلارغا كۆتەرگەن مۇشنى
تۇتالىساڭ شۇ جاسارەت.
سەلدەك تېشىپ كەلگەن غەزەپنى
يۇتالىساڭ شۇغۇ جاسارەت.
سەندىن سوۋۇپ قالغان كۆڭۈلنى
ئۇتالىساڭ شۇغۇ جاسارەت
2006 ـ يىل

# ئانا تىلىم

ئانا تىلىم — ئانامنىڭ تىلى،
ئۆلگىنىم شۇ قالسام ئارىلىپ،
ئۇ سىڭگەنىغۇ مېنىڭ قېنىمغا،
ئانام سۈتى بىلەن تارىلىپ.

ئانا تىلىم، ياتسا سېنى،
ئۆز جېنىمغا بولمەن زامىن.
ھەممىدىنمۇ ئايرىساڭ، تەڭرى،
ئايرىمىغىن تىلىمدىن، ئامىن!
بار بايلىغىم — شۇ ئانا تىلىم،
باشقا بايلىق بارئى ناتايىن.
1970 ـ يىل

## تەگشەلمگەن ئالەم

ئككى كشى سوقۇشۇپ قالسا،
ئەقىللىغى گۇناهكار بولۇر.
تەگشەلمگەن شۇنداق ئالەم بۇ،
يامانلارغا ياشار خار بولۇر.

يارىلىشتىن شۇنداق بۇ هايات،
يامانغا كەڭ، ياخشىغا تاردۇر.
ئەگەر سەندە بولمسا سابات،
جاهان غېمى بويىنۇڭدا داردۇر.
ئەمما، دوستۇم، ياشىماق ئۈچۈن.
دۇنيا دېگەن داناغا زاردۇر.

1994 ـ يىل

## مەرسىيە

سەن ئۆلگەن كۈن چىقتى يېڭى ئاي،
ھەجەپ سېنىڭ كۆڭلۈڭدەك يېرىم.
ھالىڭنى ھېچ ئېيتمىغان بىلەن
ئەمەس ئېدىڭ ئانچە بېجىرىم.

ئاي چىققان كۈن ئۆلمىدىڭ، بۇرۇن
ئۆلتۈردى ياۋ يالا ئارتىشىپ.
كۆزۈڭ ئوچۇق كەتتىغۇ، ھەيىب،
كىملەرگىدۇر يەنە تارتىشىپ.
سېنى ئوقىسىز ئۆلتۈرگەن ئەبلەخ.
يۈرەر سوك ـ سوك ئىشتىتەك خارلىشىپ.
1996 ـ يىل

# خورلۇق

ئىككى ئوغرى بىر بولىشۋالسا،
بىر توغرىنى بۇراركەن بەزەن.
ئەمما ئوغرى ئەلنىڭ نەزرىدە
بىر ياماقتىن بولاركەن ئەرزان.

بۇ ئالەمدە ياخشىغا كۈن يوق،
كۆرمىدىڭمۇ ياخشىلار خورلۇق.
يامانلارغا دېمە ئۆلۈم يوق،
باردۇر بىر كۈن تارتقىلى خورلۇق.
يامانلارنىڭ دوزىخى بولۇپ،
ئىككى دۇنيا خورلۇغى يوللاق.

## ئادەم قەدرى

يوقاپ كەتسە بىراۋنىڭ ئىشتى،
ئىلان چاپلار دوقمۇش ـ دوقمۇشقا.
يوقاپ كەتسە ئادەملەر، ئەمما.
سەل قارايمىز ئەجەپ بۇ ئىشقا.

ئەقلىم يەتمەس مېنىڭ بۇ ئىشقا،
باھار پەسلى دۈچ كەلدۈق قىشقا.
ئەل ئارمىنى ئۇنداق ئەمەستى،
مۇش ئۇرغاندەك بولدى بۇ چىشقا.
ئادىل بولسا "ئاق ئۆيدىكىلەر"
يوقالغاننى تەسمۇ تېپىشقا؟!

# پاجىئە

بۇرۇن ئەمەس، موشۇ زاماندا،
مونۇ بېشكەك دېگەن تاماندا،
كۈپ-كۈندۈزى بىر چېلەك مايچۈن
كۆيۈپ كەتتى ئادەم ئارماندا.

ئىككى ياۋۇز بىر بوپ تالدى،
ئوتۇن كەبى ئوتقا قالدى.
قان قولنى قاخلاپ ئىسسىنىپ،
خېخىراشتى - كەيپى چالدى.
ھەي، ئادەملەر، نېمە بوپ كەتتۇق،
كۆيۈپ كەتكەن تېخى بالدى...

1993 - يىل

# دوللار

يامان كۆنگە ياراپ قالار دەپ،
قوينىمىزدا دوللار ساقلايمىز.
ئىزدىششىدىن قالغاننى دوستلار
"تىرىكچىلىك" دەيمىز، ئاقلايمىز.

پۇلى بارنىڭ گېپىنى ئوق قىپ،
سوت يالىسا، بىزمۇ ياقلايمىز.
بۇ بېۋىپا دوللارنى قوغلاپ،
ئۆزىمىزگە پىچاق چاغلايمىز.
بىرى دوللار دەردىدە كۆيسە،
قولۇمىزنى سۇنۇپ قاقلايمىز.

## ياخشىلىق

ياخشىنى يامان ئات قىلىشقۇ مۇمكىن،
ياخشىنى قىلغىلى بولمايدۇ بەدنام.
ھاياتقا نەزەر سېلىپ، زەڭ قويۇپ قارا،
دات باسماس كۆمۈلۈپ قالسا ئالتۇن جام.

داڭلىك ئۆچۈن كەتمىگىن دۇنيا قوغلىشىپ،
رىسقىڭنى قىلغىلى بولماس ئارتۇق ـ ئاكەم.
مەڭگۈلۈك مال ـ دۇنيا بولمايدۇ ھەرگىز،
مەڭگۈلۈك ياخشىلىق بولار ـ ياخشى نام.
ياخشىلار بولمىسا، قىيامەت بولۇر،
ياخشىلار بالادىن توسۇپ تۇرار تام.

## غەم يوق

جاھاننى  بىر  كېزىپ  چىقسام،
كىشى  يوق  بېشىدا  غەم يوق.
مېنىڭدە  بولغىنى  بىلەن،
مېنىڭدەك  كىرپىگى  نەم  يوق.

مۇساپىرلىق  ئەسىر  قىلدى،
ئىچەر  ئېشىمدىمۇ  تەم  يوق.
غېرىپ  مۇڭداشقىلى  بىر  ئاز،
كىشىمۇ  يوق،  خۇشۋاق  دەم  يوق.
مېنىڭدەك  بولغىنى  بىلەن
مېنىڭدەك  بەخت  بەك  كەم يوق.

# سىر

ئاگلىسام، سەن ماڭا ئاشقمەن دەپسەن،
ئەسلى چىن ئاشقلار ئۇنداق دېمەيدۇ.
ئاشقلىق يۈرەكتە ساقلىنار سىر بوپ،
ئاشقتىن ئۆزگىلەر ئۇنى بىلمەيدۇ.

سەدەپنىڭ قېتىدا كەترە دۇر بولۇر،
بۇ ئانا تەبىئەت كارامىتىدىن.
ئەسرلەر سىر ساقلاپ، تاش تىللا بولۇر،
بۇ سىرلىق ئالەمنىڭ ئالامىتىدىن.
ئاھ، ئىزگۈ تۇيغۇلار ساقلانسا دۇردەك،
ساق قالغاي دۇنيانىڭ مالامىتىدىن.

## ئەزىم دەريا

دەريا ئارتقا ئاقمايدۇ ھەرگىز،
ھەرگىز ئارتقا بۇراپ بولمايدۇ.
سەل كەلمىسۇن، سەل كەلگە شەكسىز.
توسما سېلىپ، توراپ بولمايدۇ.

ئەل ئوخشايدۇ ئەزىم دەرياغا،
باقماق كېرەك ئۇنىڭ رايىغا.
گەر باقمىساڭ، ئەلنىڭ غەزىۋى
تولغان چاغدا تاشار ۋايىغا
ئەخمەق بولۇپ ئەلگە تاش ئاتساڭ
ئوق بوپ قايتار ئاتقان جايىغا.
ئىلتىجا

قارىمىساڭ مەيلى، خۇدا، قارىمىساڭ،
تىلىگىم شۇ: ئانا يۇرتتىن ئايرىمىساڭ.
بۇ بويۇمنى قانداق قىلىپ كۆتىرىمەن،
بەختىم شۇغۇ ئانا يۇرتتىن ئايرىمىساڭ
1992 ـ يىل

# سەراپ

سىغىنىپ كەلگىنىم سەراپ بوپ چىقتى،
ۋاي ئىست، كۆڭلىنىڭ قارالغىدىن.
ئۆز ئېلىم ئۆگەيگە خان يايلاق بولدى،
يۇرتۇمنىڭ ئىككى تاغ ئارالغىدىن.

يۈرىگىم سىقىلار ئويلىنىپ قالسام،
بايلىغىم بېشىمغا بالالىغىدىن.
ئەرككە يېتەلمەي، يەم بوپ كېتەئۇ،
قۇزغۇنغا بۇ باغرىم يارالغىدىن.
سىغىنىپ كەلگىنىم سەراپ بوپ چىقتى،
بۇ مېنىڭ بەختىمنىڭ قارالغىدىن.

1970 ـ يىل

## ئەرىزە

بىراۋنىڭ ھەققى بار بىر ئۇچۇم سۇنى
ساھىپتىن بىسورا مەن ئىچەلمەيمەن.
ھەممىدىن كەچسەممۇ بىلىپ قوي شۇنى
ئانا يۇرت سىنىڭدىن مەن كېچەلمەيمەن.

سەۋەبىنى سورىساڭ ئېيتاي مەن ساڭا،
تېرەمگە سىغماستىن كېلىپ لەرزىمگە.
بۇ ياقا يۇرتلاردا كۆز يۇمۇلىپ قالسام،
قەبرەم ئۆچۈن ئالامدىم يەرنى قەرزىگە؟!
ئانا يۇرت، قوينۇڭدا ياتماق راھەتقۇ؟
قۇلاق سال ئوغلۇڭنىڭ ئاچچىق ئەرىزىگە...
2009 ـ يىل

# ئىشىق

گۇناھىمىدۇ سېنى سۆيگىنىم،
مېنى ئىرىك ئۆلتۈردى رەشىق.
قاراپ باققىن قەلبىمدە قەبرى،
ئۇندا ـ ياتار كۆز يۇمغان ئىشىق.

جۇدا قىلىپ نازۇك تۇيغىدىن،
ھەي ـ ھەي نادان، كۆڭلۈڭ تىنغاندۇ.
سىرنى ساقلاپ، سۆيگەن يۈرىكىم.
قاراپ باققىن، ئۇ لەختە قاندۇر.
بىلسەڭ ئېدى ساپ سۆيگۈ بىلەن
بىلسەڭ موشۇ جاھان ـ جاھاندۇر.

## قەدىناس بەخمەتكە

دۇتارنىڭ تارى ئىككىدۇر،
بىرى ئازلىق قىلار، دوستۇم.
كىشىنىڭ يۇتىدا يۈرسەڭ،
ئۆدەك غازلىق قىلالار، دوستۇم.
بېشىڭغا كىيدۈرۈپ "قالپاق"
رەقىپ مازاق قىلار، دوستۇم.
رەپىقلەر يادىدا بىراق.
ئەجەپ ئازلىق قىلار، دوستۇم.
ئېلىڭنىڭ قوينى بەك ئىللىق،
قىشى يازلىق قىلار، دوستۇم.

2009، 21 ـ ئاپرېل

## قەلەمداش دوستۇمغا

تووۋا دەپ، ياقامنى تۇتىمەن، تووۋا!
باشقىغا ئاتقان تاڭ بىزگە ئاتمىدى.
مىڭ يىللاپ سەجدىگە باش قويدۇق، ساۋۇت،
يە ياراتقانغا بۇ ئۇيغۇر ياتمىدى.

تووۋا دەپ، ياقامنى تۇتىمەن، تووۋا!
شۇنچە كەڭ دۇنياغا بەختىم پاتمىدى.
تەلىيىم كاج ئېكەن تەختىم پاتمىدى،
قېرىنداش خوشنىلار يە ئۆن قاتمىدى...
بۇ قانسىز پاجىئە، بۇ قىسمەت، دەرتمەن،
دەمسەنا يۈرەككە تىغ بوپ پاتمىدى...

2009، 22 ـ ئاپرېل

## شېئىر  - تەڭرىنىڭ تارتۇغى

**شۇڭقار (شائىر دوستۇم رەھمجان ھەسرىتىيگە)**

بىسمىللاھىر راھمانىر رەھىم؟
بىر ئاللاھنىڭ ئىسمى بار، رەھىم.
ئۇيغۇرستان مىراسخورىدىن
قالدى يەنە سەندىن بۆلەك كىم؟!

داۋاسىز بىر دەردىم بار دېسەم،
داۋاسىز دەرت بولماس دەر ھېكىم.
مەن دەردىمنى ساڭا دەي دېسەم،
ھەسرىتىنىڭ دەدى چوڭ بەلكىم.

ئوخشىتىمەن شۇڭقارغا سېنى،
ئۇ بۈركۈتتىن مەڭدىمەيدۇ ئۇ.
شۇڭقارنىڭمۇ شۇڭقارلىغى شۇ،
دان چاچقانغا دەندىمەيدۇ ئۇ.

دوست-دۈشمەنلەر ئاز چاچتىمۇ دان،
سەن ئۇلارنى ئۆتتۈك مەڭستمەي.
شۇڭقارنىڭمۇ شۇڭقارلىغى شۇ -
سا - قۇزغۇننى يۈرەر تەڭستمەي.

ھۇقۇش كەبى ھۇۋلمايدۇ ئۇ،
توتى قۇشتەك دورىمايدۇ ئۇ.
باشقىلاردىن ئۆلجا تاما قىپ،
بىر پارچىسىن سورىمايدۇ ئۇ.

قانىتىغا ياشار تايىنىپ،
يېمەيدۇ ئۇ ئاشقان ـ تاشقاننى.
ئارقىسىدىن ھەرگىز قوغلىماس،
چاڭغىلىدىن چىقىپ قاشقاننى.

مەرتلىكىچۇن پەزانى سورار،
ئاما ياشار كۆزگە كۆرۈنمەي.
ئۇگىسىنى ھاڭتاشقا قۇرار،(ئارامنى ھۇقۇشلار بۇزار)،
شۇندىمۇ ئۇ ياشار سۈرۈنمەي.

بولمىغاچقا سىنىك دۆلىتىك،
ساڭا ئوردېن بولمىدى نېسىپ.
تارالمىدى شۇڭا شۆھرىتىك،
ھېچ كىم بەختىن بەرمەسكەن كېسىپ.

شائىر شاھقا مۇھتاج ئەمەسقۇ،
ماختىسۇن دەپ شاھ ساڭا مۇھتاج.

ھەممىدىنمۇ ئەلا ئەمەسمۇ،
شائىر دېگەن خەلقىڭ بەرگەن تاج!

2001 ـ يىل.

## ئەلۋىدا

(قەدىناس جامالدىننى ئەسلەپ)

بىسسىمىللاھىر رەخمانىر رەھىم،
كىملىگىمنى بىلدىڭغۇ، خۇدا.
بىلىپ تۇرۇپ مېنى دوستۇمدىن
بۇ قىلغىنىڭ نېمىسى جۇدا؟

ئايرىلىشنىڭ ئاۋازى ئازدەك،
يۇدالىققا بولدۇق مۇپتىلا.
ئۆلىسە ـ ئۆلدى تېكەسلىك بىرى،
دەيدىغان گەپ ئەمەس بوپتىلا!

دوسختۇر تۆگۆل تېۋىپ قالمىدى،
ئۆلۈمگە ھېچ يوق ئېكەن ئامال.
يە جەننەتۇل مەۋاغا بەلكى
كېرەك بولۇپ قالغاندۇ جامال!

ياراتقانغا كېرەكتۇر بەلكى،
سەندەك مەردۇ مەردانە ئوغلان.
بېرەتتۇققۇ سەنچۆن ئۆتىنىپ،
كېرەك بولسا ئاللاھقا گەر جان!

ئۆلۈمگە ھېچ يوق ئېكەن ئامال،
قانداق قىلاي، مەن قانداق قىلاي؟
ئەي، ئاق كۆڭۈل، قەدىناس، جامال،
ياتقان يېرىڭ جەنەتتە بولغاي!
جاننى ئالسا، ئالدى بىر خۇدا،
ئامالىم يوق، دوستۇم، ئەلۋىدا!

2001 ـ يىل.

## مۇجاھىت

نەگە كەتتىڭ، نەلەرگە، ئۇستاز،
ئۆيگە كەلسەك، ئۆيۈڭدە سەن يوق.
شۇنچە خەقنى چاقىرىپ قويۇپ،
تويغا كەلسەك، تويۇڭدا سەن يوق.

يە ئاللاھغا كېرەك بولدىمۇ
سەندەك ھالال، لىللى بىر ئادەم؟
ھەق ـ ناھەقتە قىلنى يارغىدەك
ھېچ تەۋرىنمەس، تىللا بىر ئادەم.

ئىككى كىشى تونۇتار خەلقنى،
بىرى باتۇر ۋە بىرى شائىر.
كۆيۈپ ئۆچتىڭ ئەل ئۆچۈن شامدەك،
زۇھرا ئۈچۈن كۆيگەندەك تاھىر.

سەن باتۇردىڭ، باتۇر بولمساڭ،
ئەجدىھارغا تىغ ئۇرالامتىڭ؟
ئەل ئىگىرسا تۆمۈر قەپەزدە،
بولاشماستىن شۇك تۇرالامتىڭ؟!

سەن باتۇردىڭ، باتۇر بولمىساڭ،
ياۋنىڭ ئوقى ساڭا تېگەمدۇ؟
چالا ئۆلۈك ياتقۇزۇپ قويۇپ،
پۇت ـ قولۇڭنى يەنە چىگەمدۇ!

سەن باتۇردىڭ، باتۇر بولمىساڭ،
بولماس ئېدىڭ ھۆرمەتكە لايىق
سېنى ئىزدەپ كېلەمتى كىنەپ،
نە ـ نەلەردىن مۇنچە خالايىق.

سەن باتۇردىڭ، باتۇر بولمىساڭ،
بىر توپ مۇرتەت قىلماس ئېدى قەس.
بوينى يىپسىز باغلانغانلارنىڭ
بولامدۇ يە شۇنچە زىدى پەس!؟

قاتىلىڭ كىم؟ ئۇنى بىلىمىز،
تىرىك مۇردا بولۇپ يۈرۈشەر،
ئالدىمىزدا ساختى ھېجىيىپ،
ئارقىمىزدا پىچاق بىلىشەر.

سەل ئۆلمەيتتىڭ، ئۆلتۈردى سېنى،
بەختىمىزنى بوققان سۈلۈكلەر.

ئەل نەزرىدىن چۈشكىنى قاچان،
ئۆزى تىرىك، قەلبى ئۆلۈكلەر.

ئۇلار بىزنى بىلمەيدۇ دەيدۇ،
نېمە قالدى بىز بىلمەيدىغان؟
كۆڭلىمىزگە پۈكۈكلۈك ھۆكۈم،
ئازات بولغان كۈنى دەيدىغان!

سەن ئۆلمىدىڭ، ئۆلمەيسەن ھەرگىز،
ئىز باسارىڭ —ئوغۇل ـ قىزىڭ بار.
ئازاتلىققا ئەلنى چىللىغان
"ئۇئات" دېگەن ئۆچمەس ئىزىڭ بار.

ئۇ كۈن يېقىن، ئۇيغۇرستانغا ـ
ياراتقاننىڭ بىر ئۆزى ھامى.
سەن ئۆلمىدىڭ ـ شېھىد بولدىڭسەن،
شېھىدلارنىڭ جەنەتتە جايى.

سەن ئۆلمىدىڭ ـ شېھىد بولدۇڭسەن،
شېھىدلارنىڭ ئۆلمەيدۇ نامى.
قىيامەتكە قالمايدۇ ئەرىك،
شېھىدلارنىڭ قوللار ئەرۋاھى.

2002 ـ يىل.

## ئوباماغا مەكتۇپ

ئوباما، ئاق ئورداڭغا كىلىپ قالدىم،
ئەرزەمنى ئاڭلىغىلى كىشى بارمۇ؟
ھەجەپ بىر زامان بولدى، ۋا دەرىخا،
كىشىنىڭ كىشى بىلەن ئىشى بارمۇ؟!

ئۇيغۇر مەن «بىمت»دا ساھىبىم يوق،
ۋەتىنىم بولغان بىلەن دۆلىتىم يوق!
بايلىغىم بولغان بىلەن بايرىغىم يوق،
شۇڭلاشقا ئەل قاتارى سۆلىتىم يوق...

ئۇيغۇر دەپ ئەلمساقتا ئېتىم قويغان -
ئوغۇزخان بوۋام مېنىڭ پادىشاھىم.
ئالەمدە يەتتە جەننەت بولسا، بىرىن،
ئۇيغۇرغا بەرگەن ئېكەن بىر ئىلھام.

ئىسكەندەر كەلگەن چاغدا قىلىچ بىلەپ،
كۆكسىنى قالقان قىلغان ئۇيغۇر ئېكەن.
سەركەردە ئۆلۈم ئەمەس، ئۆمۈر تىلەپ،
زوقلىنىپ: «بۇلار جاسۇر-خۇدخور» دېگەن.

ئەزەلدىن يان خوشنىدىن تەلىيىم يوق،
بايلىغىم بېشىمغا بىر بالا بولدى.
بىر كۆرۈپ قالغان بولسا ئىلاجىم يوق،
رەقىپىنىڭ قارا كۆڭلى ئالا بولدى.

تەتىمنى بىلمەك بولساڭ، نوھتىن سورا،
ئەجدادىم يا پەس بىلەن چېتىشىدۇ.
پاك نەسەپ بولغانلىغىم گۇنامېدى،
نا ئەھلى كۆرگەن يەردە ئېتىشىدۇ.

خىخ ئەسىر بولدى ئاراملىق يوق،
مىڭ ئەپسۇس، قارام ئەلگە قارام بولدۇم.
مەن توۋا دېمەي دېسەم، ئامالىم يوق،
ۋا دەرىخ، ھالال تۇرۇپ ـ ھارام بولدۇم.

قولۇمدا خۇدا بەرگەن كىتاۋىم بار ـ
قۇرئانىم ـ ئىمانىم بار دېمەكلىكتۇر.
جاھانغا غەۋغا تېرەر ئىمانسىزلار،
ئەسيادى بىر ـ بىرىنى يېمەكلىكتۇر.

ئۇيغۇرمەن، مېنىڭ ئېلىم ئۇيغۇرستان،
ئۇيغۇرستان ـ ئۇيغۇرۇمنىڭ قاشقىسىغۇ!
كېلىپ قالدىم ئەل دەردىگە داۋا ئىزدەپ،
پۇل بىلەن پۈتىدېكەن باشقىسىغۇ!..

ئوباما، كېلىپ قالدىم پانا تارتىپ،
دەردىمنى دېسەم، داۋا بولارسەنمۇ؟
مەن ساڭا يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىپ بەرسەم،
سەن ماڭا مۇڭداش بولۇپ سورارسەنمۇ؟

ئۇيغۇرستان ئون مىڭ ياشلىق ئاق باش ئانام،
شۇم رەقىپ «شىنجاڭ» ئاتاپ قىلدى بەتنام.
ئۆچ ئەسىر بولدى ماڭا يوقتۇر ئارام،
مىراسخور ھەر قەدەمدە بىر قەتلىئام.

قارىساڭ باسقۇنچىلار كۆزۈڭ ئويار،
داتلىساڭ شۇ ئان تىلىڭ كېسىلىدۇ.
گۇناسىز «گۇناكار» بوپ ئېتىلغانىنىڭ،
بالىسى يىپسىز دارغا ئېسىلىدۇ...

ئۇيغۇرستان ماڭا ئاتا مىراس تۇرسا،
ئەلىنىڭ بۇ دۇنيالىغى دوزاق بولسا.
يەرلىكچۆن ياقا يۇتتىن يەر سورامدىم،
ۋا دەرىخ، مەندەك بولار خۇدا ئۇرسا!

ئەللىك يىل سەرسان بولدۇم داۋا ئىزدەپ،
ھېچ يەردە ئازاتلىقنى ساتمايدېكەن.
جاھانغا ياخشى-يامان پاتقان بىلەن،
تىماقچە ئۇيغۇر بەختى پاتمايدېكەن.

مېنىڭدىن بېسوراق گاز سۈمرىشسە،
تۈيۈلار تومۇردىن قان شورىغاندەك.
يەر ئاستى دەريا بولۇپ نېفت ئاقسا،
يۈرىگىم بىيلدار ئوت ئورىغاندەك.

بىرەۋنىڭ غېرىچ يېرى كېرەك ئەمەس،
ساڭا گاز كېرەك بولسا سوراپ ئالغىن.
ئۇرانىمۇ خەلقىمگە بىر تىرەك ئەمەس،
گەر نېفت كېرەك بولسا بۇراپ ئالغىن.

ماڭا مال، ماڭا دۇنيا كېرەك ئەمەس،
كېرىگى كۆپتىن كۆتكەن شۇ ئازاتلىق!
هاياتتا ئازاتلىقتىن نېمە تاتلىق؟
ئازاتلىق بولمىسا گەر بولماس شاتلىق.

قانچە رەت قۇرۇق ئەمچەك ئېمىپ قالدىم،
بىر خوشنام تەختىمدىنمۇ ئايرىۋەتتى.
مەن ئازات تۇرسام، ئازات قىلماق بولۇپ،
بىر خوشنام بار بەختىمدىن ئايرىۋەتتى.

ئوباما كېلىپ قالدىم پانا تارتىپ،
ئېلىڭنى ئازاتلىقنىڭ بۆشۈگى دەپ.
ئەركىنلىك شەرۋىتىنى يۈردۈم تامشىپ،
ئۇرمىسۇن نەۋباهارنىڭ ئۆشۈگى دەپ.

بېشمغا بالا بولغان بايلىغىمنى،
ساتمايمەن  ـ ئازاتلىققا تېگىشمەن.
يۆلەك بوپ ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرسەڭ؟
سەجدە قىپ تا يەرگىچە ئېگىشمەن...

بىلەمسەن، رەقىبىمنىڭ پەيلى يامان،
يەتتە باش يالماۋۇزدەك تۈيۈلىدۇ.
بۇ نوۋەت قول قوشتۇرۇپ تۇرۇۋالساڭ،
بىلەمسەن دۇنيا قانغا بويۇلىدۇ...

ئوباما نۇشۇرۋاندەك ئادىل بولساڭ،
ئەرزىمنى دادىخادا سوراپ قويغىن؟!
ئاتمىش يىل بوزەك قىلغان ئەجدىھانىڭ،
يولىنى سەددىچىڭدا توراپ قويغىن...

بېشمغا بالا بولغان شۇ بايلىغىم، ـ
خىزىر بوپ ئەندى مېنى قۇتقۇزىدۇ.
بېشمدا ئەگىپ يۈرگەن هوما قۇشى،
ئاي ـ يۇلتۇز كۆك بايراقنى تۇتقۇزىدۇ.

بېشمغا بالا بولغان بايلىغىمنى،
ساتمايمەن  ـ ئازاتلىققا تېگىشمەن.
يۆلەك بوپ، ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرسەڭ،

**تازىم قىپ تا يەرگىچە ئىگىشىمەن.**
**بولمىسا، تا ئۆلگىچە ئېلىشىمەن.**
**شاتلىقتىن بەلكى شۇ كۈن يېرىلىمەن،**
**مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بىر قېتىم تىرىلىمەن!**

**ۋاشىنگتون.**
**2 ـ ماي، 2011 ـ يىل.**

## مۇراجىئەتنامە

«لائىلاھە ئىللەلاھ!» دېسەم،
كىملىگىمنى بىلگەنسەن، خۇدا!
بىلىپ تۇرۇپ، مېنى ۋەتەندىن
بۇ قىلغىنىڭ نېمىسى جۇدا؟

مېنىڭ بوۋام ئوغۇزخان ئېدى،
يەر يۈزىگە ئۇ خاقان ئېدى.
پېشانەمنىڭ شورلۇق بولۇشى،
بوۋام قولى بەلكى قان ئېدى...

بەلكى قانلىق جەڭ ـ جېدەلدە
ئۆتكەن چېغى بىرەر خاتالىق.
ئىشتىنىنىڭ ئېغى، بېغى يوق ـ
بولالمىدۇق خىتاي قاتالىق.

ناخشا ـ سازنىڭ ئانىسى مۇقام،
ماڭا مىراس ئەجداتلىرىمدىن.
ئەگەر ئەلگە ئېگە بولمىساق،
ئۈيالمامدۇق ئەۋلاتلىرىمدىن...

ئەل فارابىي، يۈسۈپ، مەھمۇدلار ـ
ماڭا مىڭ يىل بوۋا تۇرۇغلۇق،

بىرەۋلەرگە قۇل بوپ ياشسام،
ئۇندىن ئارتۇق بولامدۇ خورلۇق؟!

يە ئاللاغا ئاھىم يەتمىسە،
يە غەم ـ غۇسسە باشتىن كەتمىسە،
قېرىنداشتىن ھېچ بىر ۋاپا يوق،
ئاللاھ ئۆزى ئازات ئەتمىسە.

* * *

ئەل قاتارى ياراتتى ئاللاھ،
تەڭ ياشالماي، ئۇندىن كۆرەمدۇق؟!
جاھان كېزىپ ـ دىۋانە بولۇپ،
خەقتىن تەڭلىك تىلەپ يۈرەمدۇق!

بەرسەڭ ـ يەيمەن، ئۇرساڭ ـ ئۆلىمەن،
دەپ ياشامدۇ ئەركەك كىشىمۇ؟!
ئەجداتلارنىڭ روھى ئۇرمامدۇ،
تىز پۈكمەكلىك ئەرنىڭ ئىشىمۇ؟

«ھە!» دېگەندە، مەرتلەر «ھۇ!» دېسە،
باشتىن كېتەر ئېدى دەدىسە.
مەن بېرەتتىم مىڭ جېنىم بولسا،
ھەممىسىنى ۋەتەن «بەر!» دېسە.

كۆك بۆرىنىڭ تۇغىن كۆتەرسەك،
بىزگە باقار ـ باقمىغان زامان.
ئازاتلىقنىڭ ئاچقۇچى ـ كۈرەش،
ئويغانمىساق ـ قالمايمىز ئامان!..

ئويغانماستىن يەنە ياتامسەن،
ئەركىنلىككە جاننى زار قىلىپ.
ياشىغاندىن ئۆلگەن ياخشىغۇ،
ئەزىز جاننى خەققە خار قىلىپ...

ئويغان ئۇيغۇر! گەر ئويغانمىساڭ،
جۇڭغارلاردەك يوقاپ كېتىمىز...
بىر ياقىدىن چىقارساقلا باش،
مۇددىئاغا چوقۇم يېتىمىز.

تىلىگەنگە كەلمەس ئازاتلىق،
سورىغانغا بەرمەيدۇ ئۇنى.
«ئۆزەڭ ئۆچۈن ئۆل يىتىم!» دېگەن،
ئۇلۇق سۆز بار، ئۇنتۇما شۇنى...

# دوپپامغا قاراپ مېنى تونۇدىڭمۇ؟

ئېغناپ ئاستا ئاققان ئەزىم دۇناي،
بويۇڭغا كېلىپ قالدىم تونۇدىڭمۇ؟
بىر چاغلار سېنى ئاتلىق كېچىپ ئۆتكەن
ئاتىللا باتۇرۇڭدىن سورىدىڭمۇ؟

بويۇڭغا كېلىپ قالدىم پانا تارتىپ،
بىر ساڭا ئۈمۈت ئارتىپ ـ كېچەلمەستىن.
مەن تەشنا يۈرىمەنغۇ تېخىچىلا،
ئازاتلىق شەربىتىنى ئىچەلمەستىن.

دوپامغا قاراپ مېنى تونۇدىڭمۇ؟
ئۇيغۇرمەن، بىمتدا دۆلىتىم يوق!
بايلىغىم بولغان بىلەن بايرىغىم يوق،
شۇڭلاشقا خىتايچىلىك سۆلىتىم يوق.

ئۇيغۇرنىڭ ھۇنگىرلارغا ياتلىغى يوق،
ھاياتىنىڭ ئازاتلىقتەك تاتلىغى يوق.
بىز ھەجەپ قارام ئەلگە قارام بولدۇق،
بۇ كۈندە ئۇيغۇرنىڭ ھېچ شاتلىغى يوق.

دوپپامغا قاراپ مېنى تونۇدىڭمۇ؟
ئىككىمىز بىر ئاتىدىن تارىغانغۇ؟..
بىر چاغلار ئالەم گۇۋا ئاغزىمىزغا ـ
قەشقەردىن تا رىمغىچە قارىغانغۇ...

دوپپامغا قاراپ مېنى تونۇدىڭمۇ؟
ئىككىمىز ئاتا بىر قان قېرىنداشقۇ!
سېنىڭكى كۆكۈچ كۆزۈڭ كۆلگەن بىلەن،
مېنىڭكى قارا كۆزۈم تېخى ياشقۇ...
بۇداپېشت، 2009 ـ يىل.

# قۇلىقىمغا گېپىم بار ئېدى...

ئۇيغۇر بولغانلىقىم بىر بەختىم مېنىڭ،
قەشقەر، بالاساغۇن ـ قوش تەختىم مېنىڭ.
سۇ ئاققان ئېرىقتا يەنە ئاقىدۇ،
ئۈرۈمچى بولغۇسى پايتەختىم مېنىڭ.
يەتكەن چېغى ئۇلۇق ئاللاغا ئەرزىم،
ۋەھى كەلدى ماڭا ئەرشى ئەلادىن.
خۇش خەۋەر: بىز كۆپتىن كۈتكەن كۈن يېقىن!
يا دوست، قۇتۇلىمىز شۇم ئەجدىھادىن...
يا دوست، باغرىمغا سەن باغرىڭنى ياققىن،
سېنىڭ قۇلىقىڭغا گېپىم بار ئېدى.
شاتلىقتىن يېرىلىپ كەتمىسە يۈرەك،
قۇتلۇق كۈن چالارغا دېپىم بار ئېدى.
كىمدۇ قۇلىقىمغا ئېيتتى سۇۋرلاپ؛
«ئازاتلىقنى خوشال كۈتۈپ ئالغىن!» ـ دەپ.
بېشىم بىلەن چىقاي دېسەم ئۇ دېدى:
«تىل تەگمەسچۈن تۇمار پۈتۈۋالغىن» ـ دەپ.
يا رەب، دوست ـ دۈشمەننىڭ تىلى تەگمىسۇن،
بوينۇمغا تىل تۇمار ئېسىپ ئالايمەن.
بۇ نوۋەت تەختىمنى تاتقۇزۇپ قويسام،
ئەۋلاتلار ئۈزىگە قانداق قارايمەن!

ئۇيغۇرستان ساڭا قان كېرەك بولسا،
بىر تامچە قالدۇرماي ساڭا قان بېرەي.
ئۇيغۇرستان ساڭا جان كېرەك بولسا،
(سەنسىز ماڭا جاننىڭ نېمە كېرىگى)
مىڭ جېنىم بولسا گەر، جان دەپ، جان بېرەي.
سېنىڭ تاپىنىڭغا كىرگەن تىكەننى،
سۇغىرىپ ئالىمەن بۇ تىلىم بىلەن.
مەن نىمجان ياشىدىم شۇنچە يىل سەنسىز،
ئۆلسەممۇ مەن تىرىك ئۆز ئېلىم بىلەن.
ئاي-يۇلتۇز بايراقنى بىر كۆرۈپ كۈلسەم،
«ئۇھ!» دەپ بۇ يۈرىگىم تاپاتتى دەرمان.
دوپپامنى ئاسمانغا ئاتاتتىم شۇ ئان،
شاتلىقتىن يۈرەكتە قالامتى ئارمان!...

## مەن يىغلىماي، كىم يىغلىسۇن؟!

بىشىمدىن قايغۇ ـ ھەسرەت يە كەتمىسە،
ئاللاغا ئاھۇ ـ زارىم يە يەتمىسە،
مۇساپىرنى ئىززەت ـ ئىكرام يە ئەتمىسە،
كۈن كۆرمەك شۇنچىلا تەس ـ بىر دەسسە،
ئېيتقىنا، مەن يىغلىماي، كىم يىغلىسۇن؟!
ئۇلۇقلار بۇ ئالەمدىن كېتىۋاتسا،
ئۇششاقلار تىڭرىققانچە يېتىۋاتسا،
ئۆز يۇتتا كۈنى بەك تەس پېتىۋاتسا،
يەر مېنىڭ دېگەنلەرنى ئېتىۋاتسا،
ئېيتقىنا، مەن يىغلىماي، كىم يىغلىسۇن؟!
تېررورىست «تېررورىست!» دەپ ئېتىۋاتسا،
بۇ قىلمىش يۈرىگىمگە پېتىۋاتسا،
مۆمىننى قانخورلارغا قېتىۋاتسا،
بۇ ئىشلار ئاللاغىمۇ يېتىۋاتسا،
ئېيتقىنا، مەن يىغلىماي، كىم يىغلىسۇن؟!
تېررورىست «تېررورىست!» دەپ ئېتىۋاتسا،
ساتقۇنلار تېخىچىلا سېتىۋاتسا،
قىرغىنغا مۇسۇلماننى چېتىۋاتسا،
«بىمت» ئۇنچۇقماستىن يېتىۋاتسا،
ئېيتقىنا، مەن يىغلىماي، كىم يىغلىسۇن؟!

ئۈيغۈرنى ئوۋ ئورنىدا ئېتىۋاتسا،
ئۆز يۇرتتا يات ياقامنى يىتىۋاتسا،
دوللارغا يۈرەك ـ باغرىم سېتىۋاتسا،
هارۋۇغا ئات ئورنىدا قېتىۋاتسا،
ئېيتقىنا، مەن يىغلىماي، كىم يىغلىسۇن؟!
بۇ دۇنيا بۇنچىۋالا تار بولمىسا،
غەم ـ غۇسسە ئادەملەرگە يار بولمىسا،
ئەركككە ئىنسان مەندەك زار بولمىسا،
خار بولار ـ ئادەم مەندەك خار بولمىسا،
ئېيتقىنا، مەن يىغلىماي، كىم يىغلىسۇن؟!

## قەسەمنامە

ئۇيغۇرستان، مەن سېنى ئۇنتۇپ قالسام،
پۇت باسماس، قول تۇتماس بوپ، قۇرۇپ قالسۇن!
ئۇيغۇرستان، سەندىن ئايىنسام، چانسام،
تىلىم تاڭلىيىمدا تىك تۇرۇپ قالسۇن!

«ئۇيغۇرستاننى ئۇنۇت!» دېگەن مۇرتەتلەر
شۇ هامان تىنى تارتماي تۇنجۇقۇپ قالسۇن.
ئۇيغۇرستان بىزنىڭ بىر تال ئانىمىز،
ئۇنىڭ ئاق چېچىدا قۇت قونۇپ قالسۇن.

نوھنىڭ ئۆز خەتىرى، ئەي ئۇلۇق ئاللا،
ئۇيغۇرنى ئۆزگىلەر بىر تونۇپ قالسۇن...
ئۇيغۇرغا بەرگىنە يەنە بىر پۇرسەت،
ئۇيغۇرمۇ سېنىڭدىن خۇش بولۇپ قالسۇن!
قىيامەت كۈنىگە قالمىسۇن دەۋا،
ئۇيغۇرمۇ شاتلىقتىن بىر تولۇپ قالسۇن...

## خەلق چاقچاقچىسى
**(دوستۇم سابىر غاپپارنىڭ تەۋەللۇدىنىڭ 75 يىللىغىغا)**

**ئاللاھ بىردۇر، سەنمۇ بىر تالسەن،**
**نەدە بولساڭ، بولغىن سەن ئامان.**
**سەن بولمىساڭ كۆلكە بولمايدۇ،**
**سەنسىز ياشاش دوزاقتەك يامان.**

**بۇ جاھاندا چاقچاقچى تولا،**
**ئاما ـ لېكىن ساڭا يەتمەيدۇ.**
**چاقچىغىڭغا بولۇپ مۇپتىلا،**
**كەت دېسەڭمۇ، نېرى كەتمەيدۇ.**

**خانتەڭرىدەك ئاقاردى چېچىڭ،**
**بىزنى غەمدىن خالى قىلاي دەپ.**
**قاردەك ئاپپاق، ئەزىز باشلارنى**
**ساھىپقىران بولۇپ سىلاي دەپ.**

**كۆلە ـ كۆلە كۆڭۈل ياشرىپ،**
**ئاق چېچىمىز راستى قارايدى.**
**ئۆمرىمىزمۇ ئۇزاغانسىرى،**
**ياۋلار ياندىن ساڭا ئالايدى.**

ئۆڭمەيدىغان ئۆزەڭ شاھتوۋا ،
ئەل ئىچىدە ئەزىز ـ ئەتىۋا.
بىلمىگەنلەر ھەر نېمە دەيدۇ ،
ساڭا يۇقماس بېرىپ پەتىۋا...
ئاللاھ بىردۇر، سەنمۇ بىر تالسەن ،
ئىزگۈ خىسلەت كىمدىن دارىغان؟
غىدىغلىماي تۇرۇپ كۈلدۈرمەك ،
ساڭا كىمدىن مىراس بوپ قالغان؟

ئىللا ـ بىللا ، سەنمۇ بىر تالسەن ،
ھەق ـ ناھەقتە لىللا ئېكەنسەن.
خۇنى چۈشكەن تەڭگە ئەمەسسەن ،
خۇنى چۈشمەس تىللا ئېكەنسەن.

سەنسىز ئۆتمەس ئەلنىڭ مەركىسى ،
ئەلگە سىڭدى ئەجرىڭ ـ ھىممىتىڭ.
ئەل ياخشى دېگەن ـ ئەڭ ياخشى ، دوستۇم ،
ئەل ئىچىدە تاغدەك قىممىتىڭ.
سابىر ، ھەجەپ ھازىر جاۋاپسەن ،
قىلمىساڭمۇ بولار تاۋاپسەن.
ئەل غېمىن يەپ ، چېچىڭ ئاقاردى ،
تۇرغان تۇرقۇڭ ئۆزى ساۋاپسەن!

مىڭ يىل ياشا لۇخمان ھاكىمدەك،
تا تاڭغىچە بىزگە سەن كېرەك.
بىز مىڭ يىللىق مۇسۇلمان تۇرۇپ،
يارىشامدۇ بوپ قالساق بوزەك؟!

كۆپتىن بېرى كۆرۈنمەي كەتتىڭ،
يە ھېسامدىن ئالدىڭمۇ ۋىزا؟
ئارىمىزدا يوق ئېدى نىزا،
يە ھاياتتىن بولدۇڭمۇ بېزا؟!

ئاندا ـ ساندا بىر كۆلگەن بىلەن،
قول يەتمىدى قېنىپ كۆلۈشكە...
ئەزرائىلغا ئېيتىپ قويارسەن،
ھەققىمىز يوق ھازىر ئۆلۈشكە!

دەس تۇر، دوستۇم، ھاساڭنى تاشلا،
قىلىدىغان ئىشلار بەك تولا.
زېرەك بولسا سېنىڭچە بولا،
تېخىچە بىز غەمگە مۇپتىلا،
دەيدىغان گەپ ئەمەس بوپتىلا.
06.11.2015 ـ يىل.

## باللادىلار

## مۇڭلۇق قەبىر

مەپتۇن قىلغان چاغدا ئىدىر، قىر،
بىر قەبىرگە بولدۇم مەن ئەسىر.
مەپتۇن قىلدى قىيا تاش ئارا —
مەپتۇن قىلدى مۇڭلۇق بىر قەبىر.

مەن تۇرىمەن قەبىر بېشىدا،
كۆزۈم تۇرار قەبىر تېشىدا.
ئەپسۇس، ئۆلگەن ئېكەن ئالغۇر قۇش،
ئەپسۇس، ماڭا تەڭتۇش يېشىدا.

ئېگىلگەندى قەبىرگە بېشىم،
تۆكۈلگەندى قەبىرگە يېشىم.
شۇ قەبىردىن چىقتى بىر نىدا،
تاغۇ ـ تاشلار تىڭشاپ تۇردى جىم:
***
"ئۆلگەن ئېكەن!" —دېدىڭ نېمىشكە؟
ئۆلگىرمىسەم كېيىن كىيىشكە.
ئۆلگەن ئېكەن، دېدىڭ بۇ تىلىم —
بارماي تۇرسا ئۆلدۇم دېيىشكە.

ياق، مەن ھېلى ئۆلگەن ئەمەسمەن،
ياق، مەن ھەرگىز ئۆلدۈم دېمەسمەن.
يارىم ھايات، دىيارىم ھايات،
ئۆلۈم نېمە، ئۇنى بىلمەسمەن!
ئۆلۈم نېمە؟ —مەڭگۈ كۆز يۇمۇش،
ئۆلۈم —تۇپراق قوينىدا تۇرۇش.
ھەيران قالما قەبرىگە قاراپ،
بۇ سەۋداغا سالغان شۇ ئۇرۇش...

سەۋدانى سەن تەكرار سورارسەن،
تىڭرىقارسەن، خىيال سۈرەرسەن.
ئېيتىپ بەرسەم قانداق بولغىنىن،
ئۇرۇشقا سەن ئۆچ بوپ يۈرەرسەن.

ياۋنى سۈردۇق باھار مەزگىلى،
ياشانغاندا ياقا يۇت تېلى.
يامغۇر بولۇپ ياغار ئېدى ئوق،
ئەشۇ كۈنلەر ئۇنتۇلماس ھېلى.
ئۇرۇش نېمە، بىلمەيسەن ئۇنى،
تا مەڭگۈلۈك كۆرمىگىن شۇنى،
ئۇرۇش —ۋابا! —كۆيدۈرمەك ئۈچۈن
تىلىن سوزغان ئاپەت يالقۇنى.

مەن ئۆلتۈردۈم ياۋنى، يار ھەققى،
باغلار ھەققى، بۇ ديار ھەققى.
مەن ئۆلتۈردۈم، يولۇمغا قاراپ —
چا تارىغان ئىپە، نىگار ھەققى.

ئۆلتۈرمىسەڭ ئۆلتۈرەر ئۇلار،
(ئۆلتۈرۈشنى ئۆگەتكەن شۇلار).
بوۋاق ھەققى، بوۋىلار ھەققى،
يەرگە مەھكۇم بولدى ئۇ شۇملار.
دۇنيا ئىزدەپ قىلىچ بىسىدىن،
ئانىلارنى چاپتى كۆكسىدىن.
قىلمىشىغا تالىق تارتقۇلۇق —
تارتىپ قاچتى كۆلەڭگۈسىدىن

ئەل ـ ئالەمگە دەۋرىگەن ئوتلار،
سۈرۈلەتتى قارا بۇلۇتلار.
ھىلى، ھىلى كەتمەس يادىمدىن،
ياۋنى يەڭگەن شۇ ياقا يۇتلار...

كۆكرىگىمگە قادالدى بىر ئوق،
سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدىم يەرگە.
نىتەي ئاخىر، ئازىر چىلىشتا
بىر يىقىلىش نىسپىقۇ ئەرگە...
"چارچاپ قالدى —دىدىمۇ —بالام" —

مېنىڭ ئەزىز، ئاق چاچلىق ئانام.
موشۇ يەرگە مېنى ياتقۇزۇپ،
ياكى ئالسۇن دېدىمۇ ئارام؟...

مەن تۇغۇلغان يەرنى كۆرۈپ ئەپ،
دېگەن بولسام كېرەك ياتاي دەپ.
بۇ يەرلەردە ياتمىغىم ئۈچۈن،
بولغان چېغى شۇ سۆزۈم سەۋەپ.

ئۆلدى دېمە، بولساڭ خېرىدار،
قوللىرىمنى قىلدىم ياۋغا دار.
بۇ يۈكسەكتە ياتقۇزدى ۋەتەن،
ئىشلىرىمدىن بولۇپ خەۋەردار.
مەن ئۆلمىدىم —ئۆلمەسمەن ھەرگىز،
شۇ ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر فاشىست.
مەن ئۆلۈمنى ئۆلتۈرگەن تۇرسام،
"ئۆلدى!" دېسەڭ، دەيمەن مەن ئىست...

كۆپتىن ئۆزەم يار يولىغا زار،
خەۋەر بەر، يار بولسا ئىنتىزار.
جەڭگە سۆيۈپ كەتكەندىم، بىراق
يار سۆيۈشكە ئېدى قەرزدار...

ئۆلدى دېمە، كېلەر ماڭا ھار،
يار ھاياتكەن —ماڭا ياشاش يار.
خەۋەر يەتكۈز مېنىڭ ھالىمدىن،
چالا قالغان تالاي گېپىم بار.
ئۆلدى دېمە! ئۆلگەن ئەمەسمەن،
ئۆلۈم نېمە ئۇنى بىلمەسمەن،
ئىزدەپ كەپسەن، ئىزدەپ يۈرەر يار،
ئۆلسەممۇ، گەر ئۆلدۈم دېمەسمەن.

ياق، مەن ھېلى ئۆلگەن ئەمەسمەن،
تېنىمدىن جان بۆلگەن ئەمەسمەن.
سەندەك تولغان ئالغۇر چېغىم بۇ،
بىراق سەندەك كۈلگەن ئەمەسمەن..."

شۇ قەبىردىن سىرلىدى بۇ سىر،
شۇ قەبىرگە بولدۇم مەن ئەسىر.
شۇ سىرلاردىن يۈرىگىم زېدە،
كۆز ئالدىمدىن كەتمەس شۇ قەبىر.

## بوۋام مەقبەرىسى

ئۆزەم ئۆلسەم، ئىزگۈ ئېتىم قالسا بەس،
ئېتىم قېلىپ مەڭگۈ، تىرىك بولسا بەس.
ياخشىلىق قىل، پەقەت تىلە ياخشى نام،
مەڭگۈلۈككە نامىڭ ياشاپ يۈرسە  بەس.

("قۇتادغۇ بىلىكتىن")

قەشقەر، قەشقەر، يوققۇ ئامىتىڭ،
قانغا قانچە پاتتى قامىتىڭ؟!
بولمىسىغۇ يۈسۈپ، مەھمۇدنى
ئۇچۇم قىلغان ئېدى قانىتىڭ.

قەشقەر، قەشقەر، ئەي، قەدىم شەھەر،
ئەزىزانە ئۆزەڭ نەقەدەر.
ئون بىرىنچى ئەسىر، شاھىدىڭ
تاۋغاچخانغا پايتەخت بولغان يەر.

قەشقەر، ساڭا پۈككۈم كېلەر تىز،
قەشقەر، ماڭا ئانامدەك ئەزىز.
قەشقەردىغۇ بوۋام قەبرىسى،
مومامنىغۇ قەشقەرلىق بىر قىز.

مەن بوۋامنى ئەسلى كۆرمگەن،
ئەل يۈسۈپ خاس هاجىپ دەيدېكەن.
بوۋام بىلەن دېسەم يۈرمگەن،
بوۋىسنى ئەر بلمەيدېكەن.
بىر مەن تۆگۆل ئالەم بىلىدۇ،
شۇ بوۋامنىڭ قۇتلۇق نامنى.
ئېيتىڭلارچۇ، نېچۈن مەن بلمەي،
ئۆچەرمەستىن تۇرسام شامنى.

بوۋام بىلەن بىر يۇت ئەسلمەن،
بوۋامنىڭ مەن ياشلىق پەسلمەن.
مەن بلمەستىن كىم بىلسۇن يەنە،
سۈرۈشتۈرسەڭ ئۇنىڭ نەسلمەن!...

كۆز ئالدىمدىن كەتمەس مەقبىرە،
كاش كېسەكتىن ئىشلەنگەن گۈمبەز.
توققۇز ئەسىر بولدى چۈشمەس دەز،
نامى كەبى ئۆچمەس گۈل ـ پەدەز.
يادىمدا بار، هەر سەهەر سىرداش،
مەقبىرىگە ئېگەر ئېدىم باش.
گۇۋا ئاڭا مۇڭلۇق شۇ مازار،
كۆزلىرىمدىن ئاققان سىماپ ياش.

مەن يىغلاتتىم، مازار يىغلاتتى،
توپرىغىنى ياشتا سۇغىرىپ،
بۇ ئالەمگە ئۇ بىر تۆرەلدى،
تېنىن ئەقىل بىلەن يۇغىرىپ.

مەن يىغلاتتىم، مازار يىغلاتتى،
يىغلىماسقا يوقتى ئامالىم.
يۈسۈپ مېنىڭ بوۋام بولغاشقا،
مىڭ بىر شۈكرى دەتتىم، ئىلاھىم.
مەقبىرىدىن گۈل ئۈزۈلمەسدى،
ئۈزۈلمەسدى ئىنسان قەدىمى.
ئۇ قەشقەرنىڭ ئېدى ئامىتى،
ئۇنىڭ بىلەن چاغدى ھەر دېمى.

يادىمدا بار يەر تەۋرىگەن چاغ،
دىر-دىر تىترەپ يېرىلغاندى تاغ.
نېمە كويغا چۈشمىدى دەيسەن،
پايناپىتىكى ئامۇتلۇق شۇ باغ.

باغ ئىچىدە ئېدى مەقبىرە،
باغ ئىچىدە بوۋام مازارى.
تاشقا پۈتكەن خەت، نەقىشلەرگە
يەتكەن ئېدى تەۋرەش ئازارى.

بۇ دەھشەتكە بېرەلمەي بەرداش،
تەشۋىش بىلەن ئېگىلگەندى باش.
ساقلاپ قالغان ئېدى مەقبىرىن
قادىراخۇن دېگەن بىر نەققاش.

ھەممە تەشۋىش، ھەممە ئىختىراس،
بوۋام ئۆچۈن بولغانىدى راس.
تەۋرەپ كەتكەن پۈتۈن سۈرۈك يۇت،
دەۋرەپ كەتكەن بوۋامغا ئىخلاس.

كۆز ئالدىمدىن كەتمەس مەقبىرە،
ھەر تاڭ تازىم قىلىپ ئۆتەتتىم.
تۇپرىغىنى تەۋەررۈك بىلىپ،
سىقىمداپ ئېپ، تۇمار پۈتەتتىم.
يادىمدا بار، پەسلى باھار ـــياز،
مەقبىرىدىن كەلگەن بىر ئاۋاز.
قۇلىغىمنىڭ تۈۋىدىن كەتمەي،
ھېلى-ھېلى قىلىدۇ پەرۋاز.

"سېنىڭ بوۋاڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ!
سەن قانۇنىي مىراسخورسەن.
ئۇلۇغ ئىنسان ئەۋلادى تۇرۇپ،
نېچۈن بويۇن قىسىپ تۇرسەن؟

شۇ بوۋاڭنىڭ پەي قەلىمدىن
قاناتلاندى "قۇتادغۇ بىلىك!"
كىم تۇغۇلۇپ، كىملەر ئۆلمىدى،
ئارىمىزدا يەنە ئۇ تىرىك!...
ئۇچۇم بولدى بوۋاڭ پىكرىدىن،
بۇ ئالەمگە ھەجەپ شاھ ئەسەر.
ئون ئۈچ مىڭ قۇر ماجان تىزدى ئۇ،
ھەر بىر قۇرى ياقۇت ياكى زەر.

قۇرۇپ كەتتى قانچە دەريالار،
غازاڭ بولۇپ، ياشاردى جاھان.
بىلىپ قويكى، "قۇتادغۇ بىلىك"
كۆز قارىچۇقتەك ساقلىنار ھامان!

بۈيۈكلىگىن بىلكى بىر مەھەل،
شاھ ئەسەرگە بەردى ئالتۇن ھەل.
شۇ ئەسەردىن ئۇپرىماس قىلىپ،
بوۋاڭ قويدى ئۆزىگە ھەيكەل!"

قورۇنمسۇن بوۋامنىڭ روھى،
دېسەڭ بولغىن ئۇنىڭغا لايىق.
گەر بولمىساڭ، دېمەيدۇ دەمسەن،
چاغلىقكەنغۇ بۇ خەق، —— خالايىق...

## قىران قىسمىتى

خان ئولتىرار قىزىل راۋاقتا،
مەي ۋە چىلىم —تىللا تاۋاقتا.
قارشىسىدا ۋە يالىڭاچ
تۇتقۇن تۇرار قەپەز ـ ئاۋاختا.

تۇتقۇن تۇرار تۆمۈر قەپەزدە،
يالاڭ تېنىن يالاپ شۇۋۇرغان.
تولماي تۇرۇپ تېخى قىرىققا،
چاچ ـ ساقىلى ئاپپاق ئاقارغان.

خان خالاتتى تۇتقۇن كۆزىدە
كۆرمەكلىكنى بىرەر تامچا ياش.
كۆرمەكلىكنى قىران نەسلىنىڭ
قارغىلارغا ئەككىنىنى باش.

"تىز پۈك!" —دېدى نادان داۋغۇاڭ
ئۆمرىدە تىز پۈكمىگەن ئەرگە.
ئۇ: "تىز پۈكمەي، تىلك تۇرغان پېتىم
رازى، —دېدى، —پېتىشقا يەرگە!"

بوينىغا تەك تىللا تەگلىسە،
"ساتالمايمەن!" —دېدى ئېلىنى.
ھەقنى ئېيتسپ قويىمسۇن بۇ دەپ،
قىلىيا بىلەن كەستى تىلىنى.

باش كېسىشقۇ بار ئېكەن، ئامما
تىل كېسىش يوق ئېدى ھاياتتا.
تۇرسا تۇتقۇن تۆمۈر قەپەزدە،
سۆزلىشىدىن قورقاتتى ھەتتا.

يالاڭغىداق تۇرار قار دەسسەپ،
كۆكرىگىدە قاتتى قات-قات قار.
ئۇ مۇز بولۇپ توڭلاشقا رازى،
تىز پۈكۈشنى ئالار ئېدى ھار.

ئۆچ ئوتىدىن تۇراتتى ئۆرە،
ئاگا يۆلەك قانلىق قىساسقۇ...
كەچۈرەردى بەلكى تىز پۈكسە،
ئامما كۈرەش ئاتا مىراسقۇ!
كۆز ئالدىغا كەلدى ئانا يۇت،
خان-تەگرىدىن ئاشتى ئەس-ياد.
ئاڭلانغاندەك بولدى قۇلاققا
مەزلۇم ئەلنىڭ ئاچچىق پەريادى.

كۆز ئالدىدا ، شۇم رەقىپلەرنىڭ
مۇردىلارنى دەسسەپ ماڭغىنى.
قالمىسۇن دەپ يەنە تىرىلىپ ،
دەل ـ دەرەققە مىقلاپ تاڭغىنى.

كۆز ئالدىدا ، باسقۇنچىلارنىڭ
جەسەتلەرنى سوراق قىلغىنى.
قۇرۇتماق بوپ مەرتلەر نەسلىنى ،
بوۋاقلارنىڭ تېنىن تىلغىنى.
كۆز ئالدىدا ، قۇرۇق قول بىلەن
ياۋغا شىردەك ئېتىلغان مەرتلەر.
تەڭرى تېغى بەلكى موشۇ يۇت ،
يەلكىسىدە قاتلانغان دەرتلەر.

تۇتقۇن تۇرار تۆمۈر قەپەزدە ،
پۇتتا كىشەن ، بويىندا قوۋۇق.
ساقىلغا ياققاندا گۇڭگۇت ،
ئاڭا ئەلەم قىلدى بۇ خورلۇق.

چاچ ، ساقىلى كۆيسە ۋىيىلداپ ،
چىلىم تارتىپ ، لەززەتلەندى خان.
خۇمارمىدى قانخورغا جاھان؟
ياۋۇزمىدى شۇنچىلا خاقان!

تۇتقۇن تۇرار قادىلىپ مىقتەك،
ئاھ ئۇرمىدى، تۇرمىدى داتلاپ.
بەلكى ئەستىن ئاداشتى، بەلكى،
جەڭلەرنى ئۇ قالغاندۇ يادلاپ.

بەلكى ئۇنىڭ يادىغا چۈشتى
ئالاي تاغدا تىغ بوپ پاتقىنى.
خان تەختىنى تىترەتكەن ئون يىل
ئۇنىڭ بىر رەت نەرە تاتقىنى.

بەلكى ئۇنىڭ يادىغا چۈشتى
سەددىچىنگە ياۋنىڭ قاچقىنى.
ئەجدادىنىڭ ئۇلۇق ئارمىنى —
ئازاتلىقنىڭ چىراي ئاچقىنى.
بەلكى ئۇنىڭ يادىغا چۈشتى
مويۇنچۇرنىڭ سۇرگەن دەۋرانى.
ئۇ ئوردىغا قادىغان تۇققا
سەيدە قىلغان چىننىڭ خاقانى.

چوڭ غوجىنىڭ بېشى تۇراتتى،
(بوۋىسىنى قەلبى تونۇدى).
ئاتىسىنىڭ —سەردار ساماقنىڭ
كېسىك بېشى ھەيھات، خۇن ئېدى!..

ئا يا، دوستلار بۇنچىلىك دەھشەت
خاھ تىپىلار، خاھى تىپىلماس.
ئازاتلىقنى ئارزۇ قىلمىسا،
خاھ چىپىلار، خاھى چىپىلماس.
ئەجدادىنىڭ ئېغىر قىسمىتى
لەۋلىرىدە ئۇيۇتقاندا قان،
تار قەپەزگە يۆلەندى بېھۇش،
قاناتلىرى قايرىلغان قىران.

سۇ ئورنىغا قىزىق ماي چىچىپ،
نەيزە بىلەن تۆرتۈپ نوقۇشتى.
ئاھ، قان تالاش قىران كۆكسىنى
چۆچۈپ تۇرۇپ قۇزغۇن چوقۇشتى.

كۆن پىتىشقا تەلمۈردى ئۇزاق،
بەلكى يۇتى بىلەن سىرداشتى.
دىل پارچىسى —پەرزەندى بىلەن
بەلكى ئۈنسىز ئۇ ۋىدالاشتى.
بىر يېنىدا قانلىق مويتۇڭزا،
بىر يېنىدا تۇرار سۆرلۈك دار.
بۆرە يۇگا يىپىنغان خاقان:
"تىز پۈك" دېدى پۈتكەندە مادار.
تۇتقۇن بېشىن كۆتەردى مەغرۇر،
يالقۇرۇش يات ئېدى شەنگە.

ئۇ ئۆلۈمنى ئەلا بىلەتتى
نوقۇتقاندىن پاك پېشانىگە!

ئىككى جاللات ئېچىپ قەپەزنى،
ھەيۋە قىلدى ئاي پالتا بىلەن.
پېتىنالماي ئاڭا قاراشقا،
ئۈزىن ياپتى بۆز خالتا بىلەن.
مەرت نامەرتنى سىنار سۆرلۈك دار،
داردىن دەھشەت قانلىق مويتۇڭزا.
مويتۇڭزىغا تۇتقۇن قويسا باش،
خان "ئەيىيا" دەپ چىشلىدى غاڭزا.

شىددەت بىلەن چېپىلدى پالتا،
قاڭقىپ تەندىن باش بولدى جۇدا!
ياۋۇزلارنى ياراتقىنى ئۈچۈن
پۇشمان قىلغان بولغېدى خۇدا!

ئاپپاق قارغا چاچراپ ئاقتى قان،
ئايپالتىنى يالىدى جاللات!
باشقا قاراپ ھېجايدى خاقان...
نېچۈن بۇنچە قانخور ئادەمزات؟!

كەسكىننى بېشىنى ئاز دەپ،
جادۇ بىلەن تېنىن توغراشتى.

بۇردا ـ بۇردا بولغان گۆشگە،
ئېچىقىغان ئىشتلار ئولاشتى.

ئۇيۇپ قالدى لەختا ـ لەختە قان،
سىگەلمەستىن يەرنىڭ قوينىغا.
سىڭمىگەندۇ بەلكى خاقانىنىڭ
سىرتماق بولۇش ئۆچۈن بوينىغا.

ئاھ، تۇتقۇننىڭ ئاچچىق قىسمىتى
ئوخشاپ كېلەر مەغرۇر قىرانغا.
قىرانمۇچۇ ئۆلەر ئالدىدا
پەرۋاز قىلار ئېكەن ئاسمانغا.
قىيا تاشقا ئاخىر ئۇرۇلۇپ،
ئايلىناركەن چاچرىغان خۇنغا.
قىراننىڭ مەرت قىرانلىغى شۇ...
نېسىپ بولماس ئېكەن قۇزغۇنغا!..

خان خاتىرجەم بولدى، بىلمىدى،
"ئۆلدى!" دېدى، پەرۋا قىلمىدى.
يەردە قاتقان بېگۇنا قاندىن
تىرىلىشىن قىساس بىلمىدى.

خان بىلمىدى، ئۇ ئۆلگەن بىلەن
ئۇنىڭ روھى ئۆلمىگىنىنى.

ئۇنىڭ نەسلى كۆرەش قىپ، كۆرەش،
تېخى قېنىپ كۆلمىگىنىنى.
خان بىلمىدى، ئۇ ئۆلگەن بىلەن
ئۆلمىگىنىن ئۇ قوزغىغان ئىش.
كىمدۇ بىرى بوغۇپ تۆنلىرى،
شۇندىن بېرى ئۇخلاتمىدى تېچ.

تاپالماستىن دەردىگە داۋا،
خان يالۋۇرسا، كىمدۇ كۈلەتتى.
"نېمە كېرەك جاندىن بۆلەك" —دەپ
مىڭ تىرىلىپ، مىڭ بىر ئۆلەتتى.

كىمدۇ بىرى دېگەندەك بولدى:
"سورىمايمەن جانغا —جان سەندىن.
جاندىن ئەزىز نەرسەمنى ئالدىڭ،
قۇتۇلمايسەن بەرمىسەڭ مەندىن!"

تىزلانغانچە نالە قىلدى خان:
—خالا تاجۇ ـ تەختىمنى ئالغىن.
سەن سورىغان نەرسە نېمە ئۇ؟
خالا، قىزىم —بەختىمنى ئالغىن.

پەقەت كەچكىن بىر قوشۇق قاندىن،
ئارام بەرگىن، بۇگچە قىينىما؟

—قانخور دەمسەن مېنى ئۆزەڭدەك؟
خاقان دەيدا تېخى سېنىما!

جەڭدە يەڭگەن بولساڭدى، كاشكى،
تۇتۇپ بەردى خائىن ئۆچمىنىم...
ئاتىلارنىڭ روھى خۇش بولماس،
يوقالمىسا ئاتا دۈشمىنىم!

جاھانگىرخان دەيدۇ مېنى يۇت،
ئەرىك ئىشقى —ئۆرتەپ تۇرغان ئوت.
مەنمۇ شاھتىم، كۆڭلۈ شاھانە،
كېرەك ئەمەس ماڭا زەر، ياقۇت!

مەن سورىغان ئۇ تىللا ئەمەس،
نېچۈك تىلىڭ بارماس دېيىشكە؟
چۆللەر كېزىپ كېلىپ، بەختىمنى
ئوغۇرلىدىڭ ئېيتقىن نېمىشكە؟!

ئازاتلىق ئۈچۈن قىلىچ كۆتەرسەم،
كويىزا سالدىڭ مېنىڭ قولۇمغا.
مېنى چاپتىڭ، ئاما چېپىلماس
ئىزگۈ ئەرىك ھەمرا يولۇمغا!
ئازاتلىقسىز بولمايدۇ بەخت،
كىرگەيمەن ئۇسىز جەننەتكە.

سورىغانغا بەرمەيسەن ئۈنى،
بەرمىگەيمەن ئارام ئەبەتكە!" —

شۇندىن بۇ يان روھ كېزىپ يۈرەر،
ئاھ، ئازاتلىق كەتكەچ ئولجىغا.
شۇ روھ: ئال دەپ ئوغلۇم ئىنتىقام،
نەيزە سۇندى بۇزرۇك غوجىغا...

شۇ روھ كېزەر تەڭرى تېغىدا،
قىساس ئوتىن يېقىپ يۈرەككە،
قىساس ئوتى ئاتومدىنمۇ زور،
ئۇ سىز يەتمەك تەستۇر تىلەككە.
ئازاتلىقنىڭ ئاچقۇچى —كۈرەش!
ئۇ سىز تەڭلىك يوقتۇر جاھاندا.
ئەررىك ئىستىگى تۇرغاندا قاندا،
كۈرەشكەنلەر قالماس ئارماندا...

## قەشقەر گۈزىلى

چۆل ـ باياۋان كېزىپ كېلەر يۇت،
يەلكىسىنى باسقان زور تاۋۇت.
بۇ بېپايان "ئىپەك يولىدا"
تەشنالىقتىن بولسىمۇ نابۇت.

بۇ يوللارنىڭ كۆپتى ئازارى،
بۇ يوللارنىڭ كۆپتى ئاھ ـ زارى.
بۇ يوللاردا قالدى قانچىلاپ،
قانچە مەرتنىڭ قەبرى ـ مازارى.

بارچىسىنىڭ بېشىدا بىر غەم،
بارچىسىنىڭ كىرپىگىدە نەم.
يالاڭغىداق پۇتقا پاتسا تاش،
بارچە دىلغا پاتار بىر ئەلەم.

تاۋۇتتىكى شاھمۇ، پەرىمۇ،
كىمدىن كەلگەن بالا ـ قازا بۇ؟
بارچە يىغلار بۇنچە ئاھ ئۇرۇپ،
كىمگە شۇنچە ھەسرەت ـ ھازا بۇ؟!

ياتار ئېدى بىر ساھىپجامال؟
(تۇغۇدېكەن ئاينىمۇ ئايال).
ئۆزى زار-زار يىغلىتىپ قويۇپ،
ئىزدىگەندەك گويا بىر ئامال.

سەددىچىننى قويدى ئارتىدا،
نېچۈك قويماس تاۋۇتنى بۇنچە؟
نېچۈك ئاتا ئېھتىرام مۇنچە،
كىم ئۇ بېۋاق توزىغان غۇنچە؟

* * *

"كىم بولاتتى، —دېدى كۆك شاھى،
مەن شاھىدى —ئۇنىڭ گۇۋاھى.
"ئەلگە ئەرىك كېرەك!" دېگىنى
مەن ھەيرانمەن، بولدى گۇناھى.

چەنلۇن دەۋران سۈرگەن بىر زامان،
ئۇيغۇرستان بولدى گۆرستان.
خان غوجىنىڭ بېشىنى كەسكەچ،
قىلىچ تۇتۇپ چىققان بۇ جۇگان.

دۈچ كەلگەن چاغ جاۋخۇي گېنېرال،
قارشىسىدا كۆرۈپ بىر ھىلال.
تاڭ قالغاندى باتۇرلىقىغا،
كىم بولاتتى بۇ —ئەشۇ ئايال!"

* * *

يەلكىسىدە تاۋۇت، كېلەر يۇت،
قۇملار قوقاس، قۇملار گويا ئوت.
تەشنالىقتىن لەۋلەر گەز باغلاپ،
يېرىلغاندى چاك ـ چاك شىرداق پۇت.

ياتار ئېدى مەڭگۈ ئۇيقىدا،
پەرى يەڭلىغ گۈزەل، قەلەم قاش.
ئۆلتۈرۈشكە قانداق باردى قول،
قەتىل قىلدى قانداق باغرى تاش!
كىم ئۇ ئۆزى ئەشۇ سۇمبۇل چاچ؟"

"كىم بولاتتى؛ —دېدى تولۇن ئاي، —
مەن ھۆسنىدىن ئالغانمەن چىراي.
كىملىگىنى تېخى بىلمىسەڭ،
باغرىم بولسۇن ئاڭا قەبرى —جاي.

چەنلۇن ئەستىن ئاداشقان ئېدى،
بىرلا كۆرۈپ قەشقەر قىزنى.
"گۆزەل، ئامما ياۋايى ئۇيغۇر"،
دېدى پۈكمەي تۇرسا تىزنى.

خان خاھشى تۇتالماستىن سىر،
قاش تېشىدىن بۇيرىدى قەسىر.
پەرمانىنى بۆلدى دەپ يۇگان:
—ھاجىتى يوق، سەۋەپ مەن ئەسىر!

قۇتۇلۇشقا تاپالماي ئامال،
گويا موماىدەك سارغايدى جامال.
كۈندىن سالام يوللاپ يۇتنغا.
جاۋاپ كۈتتى كەلگەندە شامال.

يۇت دەردىدە بولۇپ سەكپارە،
ئايلار ئۆتتى بېدار، بىچارە.
ئالتۇن قەپەز ئىچرە بۇلبۇلغا
كىم ئەركىنى بەرگەن ئىجارە؟

سۇمبۇل چېچىن قىلسىمۇ ئۇ دام،
ھار كەلسە گەر قاتىل دېگەن نام.

ئامما ئالماق ئىستەردى قىساس،
ئېرى ئۆچۈن ياۋدىن ئىنتىقام.

خان خۇپتەندە كىردى ھوجرىغا،
ئىشق ئوتى قوزغاپ ھارارەت.
قول ئۇچىنى تۇتقان بىر پۇرسەنت،
يۇگان بىلدى ئۇنى ھاقارەت.
ئۇ تۇغۇلدى نېچۈك ھاياتقا،
نېچۈك تۇتقۇن بولدى ئۇ ياتقا؟
ئۆمرى تاياق يېمىگەن خاقان
شۇ كۈن شاپىلاق يېدى كاچاتقا.

دېدى: "ياۋۇز بىلەن ياتايمۇ،
خان غوجامنىڭ دەردىن تارتايمۇ؟
ئۆلمەي تۇرۇپ جۇدالىق دېغى،
نومۇسۇمنى ساڭا ساتايمۇ؟

پۈكمەيتېكەن تىزىن ئەجدادىم،
چاپساڭ، قىساس ئالار ئەۋلادىم.
ئاتساڭ، ئۆلمەس ئەرىك ئىستىگى،
بوغساڭ، بوغار بىر كۈن پەريادىم!

شەھلا كۆزگە شاھ ئېدى شەيدا،
ئىشق دەردى دەرتتۇ بىداۋا.

ئۇندىن خەۋەر تېپىپ ئانىسى،
دېدى: "باشقا بولمسۇن بالا".

تۈندە تىرناق پاتتى گېلىغا،
زەھەر تامدى يۇگان تىلىغا.
ئوغا ئىچىپ ئۆلدى ...دەپ گۇننا
ئارتماق بولدى ئۇنىڭ ئېلىغا.

دېدى جۇگان: "مەيلى، بوغۇپ ئاس!
ئەجدادىڭدىن ئۇ ئۇدۇم مىراس...
بوغۇلمايدۇ، ئامما ئازاتلىق،
بوغار ھەر تال چېچىم ئېپ قىساس!"
دۇچ كەلگەندى بۇلبۇل ھۇقۇشقا،
(ئۆرۈم چېچى بىلەن بوغۇشقا!)
ئايال ئەھلى ئۇنداق گۆزەلنى
ئۈلگەرمىگەن تېخى تۇغۇشقا.

غۇنچە لەۋدىن شىرغىپ ئاقتى قان،
ئاپپاق كۆكرىگىدە قاتتى قان.
پەرزەندىدىن ئايرىلسا ۋەتەن،
ئايرىلغاندى گۆزەلدىن جاھان!

يەتكەن چاغدا ئەلگە شۇم خەۋەر،
تەۋرەپ كەتتى قاندىن قاتقان يەر.

جۇدالىقتىن چۆشتى دىلغا داغ،
دەۋرەپ كەتتى قېدىمي قەشقەر.
بېشى بىلەن تەڭ ئالىسمۇ زەر،
خان ئۆزەلمەي تۇراتتى نەزەر.
ئۇ تاۋۇتتىن تىرىلىپ چۈشۈپ،
"ئۆچ ئېلىشتىن ئەيلەتتى ھەزەر!"

تاغلار ئېشىپ كېلەر جىنازا،
يىغلار مەرتلەر ھالىغا پەزا.
يولغا قاراپ كۆزلەر تېشىلدى،
كېچە ـ كۈندۈز ئەل ئېچىپ ھازا.

ئارتتا قالدى قانچە تاغۇ ـ تاش،
تەڭرى تېغى ئەگدى غەمكىن باش.
تارام ـ تارام يىغلىدى ئۈنسىز،
ئىلى، تارىم بولۇق ئاقتى ياش.

تىلغا كىردى تىترەپ خانتەڭرى:
"ئاقارتتىغۇ چاچنى ئەل غېمى.
تۆگۈرلىنىپ تاش بولدى دەردى،
مەن تاش ئەمەس —ئەلنىڭ ئەلمى!

سەن مىس ئەمەس، سېنىڭ زەرلىگىڭ،
تىز پۈكمىدىڭ، شۇغۇ ئەرلىگىڭ.

سەن ئەزىزسەن، شۇڭا چوقۇمدا،
بولماقلىغى كېرەك يەرلىگىڭ!"

تاۋۇت كېلەر —ۋاپا تىمسالى،
ئەل ئۆركەشلەر —مۇھەببەت مىسالى.
ئەل بېشىدا كۆتەردى تۇغدەك،
شۇندا باردەك ئەرلىك ۋىسالى.

مۇڭلۇقمىكىن شۇڭا دۇتارى،
موشۇ ئەلنىڭ نېيى، ساتارى.
ئىپارخاننى باستى باغرىغا،
ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ قەشقەر مازارى...

ئالدى ئۇنى باغرىغا تۇپراق،
بېسىلماستىن يانار ئوت-پىراق.
ئۇنىڭ روھى ئەرككە ئۈندەپ،
تاغ بېشىدا يانغان شام-چىراق.

# بىر كام دۇنيا

توختا، دوختۇر، ئەرزىم بار ساڭا،
قۇلاق سالغىن قەلبىم سۆزىگە.
خۇدا ھەققى، راستىن دېگىنە،
نېمە بولغان قىزىم كۆزىگە؟

تىل تەگدىمۇ، تەگدىمۇ يە كۆز،
ئاسقان ئېدۇق ئاڭا كۆز مولنچاق.
نېمە گۇنا قىلدۇق، بىلمىدۇق،
پەلەك بۇنچە قىلغىدەك قوچاق؟!

توختا، دوختۇر ئەرزىم بار ساڭا،
ئۈلگىرىسەن پىچاق سۈرۈشكە.
ئالەمگە ئۇ كۆز ئاچقان بىلەن
ئۈلگەرمىگەن تېخى كۆرۈشكە.

ئۈلگەرمىگەن تېخى تۇغۇلۇپ،
ئۈلگەرمىگەن دادا دېيىشكە.
ئالماقچىسەن مىڭ كۆزى باردەك،
بىر كۆزىنى ئېيتقىن نېمىشكە!

بىز سېخى دەپ يۈرگەن تەبىئەت،
قىلغان تۇرسا جۈپ كۆزلا تارتۇق.
بارىئى ـ يوقى ئىككى تال كۆزنىڭ
يە بىرىنى كۆردۈڭمۇ ئارتۇق.

دېسەم، دېدىڭ يوقتۇر ئامالىم،
يوقتۇر مەندە، ئاڭا بىر ئىلاج.
موشۇ دەرتكە داۋا تاپقاننى
ئالتۇن ھەيكەل، كۈتەر تىللا تاج!..

يارىلىشتا بىرى كام دۇنيا،
شۇڭا كىشى ئاڭا تويمايدۇ.
توختا، دوختۇر، رەھىم قىل ئاڭا،
داۋاسىز دەرت ئەسلى بولمايدۇ...

بوتا كەبى بوزلار ئانىسى،
يەرۇ ـ كۆكنى باسار نالىسى.
رەھىم قىلغىن، سەنمۇ ئەشۇنداق،
بىر ئانىنىڭ ئەزىز بالىسى.
قەپەزدىكى قۇشتەك تېپىرلار،
كېچە ـ كۈندۈز بولدۇم سەكپارە.
تەلىيىمنىڭ ئاھ، كايىلغىدىن
تاپالمىدىم مەن ئاڭا چارە.

مەن يالۋۇرۇپ يېلىندىم ساڭا،
مەن ئاھ ئۇرۇپ، راستى يېرىلدىم.
سەن كۆزىنى ئالغان شۇ مىنۇت
مەن مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بىر تىرىلدىم.

شورلۇق ئاڭا شا بوپ يىقىلدى،
بېھوش ياتتى بىلمەي ئۆزىنى.
نېمە قىلىپ قويدۇڭ، ئېيتقىنا،
ئېپارخاننىڭ قارا كۆزىنى.
ساڭا شۇنچە كۆز كېرەك بولسا،
رازى ئېدىم كۆزۈم بېرىشكە.
دېسەم، دېدىڭ "ئۇنىڭ كېسىلىن
ھەتتا تىلىم بارماس دېيىشكە!"

ئالەمدە راست شۇنداق دەرت بولسا،
بۇ دەرت تېخى بولسا بېداۋا.
كىمگە ئېيتاي ئەرز ـ ھالىمنى،
كىمگە قىلاي دەردىمدىن داۋا.

ئالەمگە راست شۇنداق دەرت بولسا،
بولمىسا گەر ئۇنىڭغا چارە،
نىجات تىلەپ سەكپارە بولغان —
ئاھ، ئادەملەر، قانچە بېچارە...

ئەل ياتقۇدا كەلسەم تۆرت ئوغلۇم:
—نېمە بولدى دادا؟ —دېيىشتى.
بىر تامچا ياش كۆرۈپ كۆزۈمدە،
ھەممە گەپنى ئۇلار بىلىشتى.

—سىلىڭلارغا كۆز كېرەك! —دېدىم،
كىم بېرىدۇ بىر تال كۆزنى؟
"مەن..." بېرىمەن دېدى تۇنجىسى،
ئېيتالمىدى قالغان سۆزىنى.

دېدى دەرھال ئوتتۇرانچى ئوغلۇم:
—توغرا كەلسە، مەن بېرەي، دادا! —
ياپراق كەبى تىترەتتى مېنى،
چىن يۈرەكتىن چىققان شۇ نىدا.
كىچىك ئوغلۇم كۆزگە ياش ئېلىپ،
—مېنىڭ توغرا كېلىدۇ! —دېدى.
شۇ چېغىدىيا دەرتكە شېرىك بوپ،
شۇ چېغىدا غېمىنى يېدى.

مېنى كۈندە قانچە ئۆلتۈرۈپ،
بەختىمگە ئۇ قالدى تىرىك.
"شۈكۈر قىلغىن"، —دېدى بىر دوستۇم،
غەم-غۇسسەمگە بولۇپ تەڭ شېرىك.

قىز بالا ئۇ، راست، بىر كۆزى يوق،
ئىككى كۆزى بولمىسا ھەتتا،
ئۆمۈر بويى يېتىلەپ ئۆتەي،
كۆتەي ھاسا بولۇپ ھاياتتا!

مېھرسىزلىق بىلسەڭ زامانىنىڭ —
مېھرسىزلىق چوڭ بىر تەشۋىشى.
مېھرسىزلىق —قانسىز پاجىئە،
ئاز تارتتىمۇ ئازاۋىن كىشى.

مېھرسىزلىق —دەۋىر بالاسى،
بۇ ئەسىرنىڭ ئۇ بىر ۋاباسى.
نە قىممىتى ئىنسان دېگەننىڭ
بولمىسا گەر مېھر ـ ۋاپاسى.

ئادەمنىڭغۇ دەرتتىن باغرى قان،
ئالەمنىڭمۇ تەشۋىشى تولا.
يوققەن ئاغرىق ئىششىقتىن يامان،
ئاڭا داۋا تاپمىدۇق، توۋۋا!

بولمىسا بىر قولۇمىز ئايدا،
بىر قولۇمىز چولپانغا يەتتى.
ئامما يەتمەي بىر ـ بىرىمىزگە،
كۆپلەر بېۋاق كۆز يۇمۇپ كەتتى...

دەردى تولا ئۇشبۇ دۇنيانىڭ ،
توۋۋا ، دەرتتىن ئەمەس ئۇ خالى.
ئۇغۇ چوڭ دەرت ، بىر كۆزگە دورا
تاپالمىساق ، كىمگە ئۇگالى ؟!

ياپقۇم يوقتۇر ئاينى ئېتەكتە ،
ئامال تاپتىڭ زەئىپ بۆرەككە.
ئادەملەرگە ئۆمۈر ئەتا قىپ ،
زېھنىڭ يەتتى ھەتتا يۈرەككە.

توختا ، دوختۇر ، ئەرزىم بار ساڭا ،
قۇلاق سالغىن ئىنسان دادىغا.
داۋا تېپىپ ئۇنىڭ دەردىگە ،
يار بولۇپ قال مەڭگۈ يادىغا!

## سەيياره سەرگوٰزەشتىسى

ئانا يەر، جاپاكەش ئاقۋاش ئانسەن،
پەرزەندىڭ ئشقدا باغرىڭ مىڭ پاره.
بىر بالاڭ كۆكسوٰڭگە گوٰللەر تېرسە،
بىر بالاڭ تېنىڭنى تىتىپ ئاۋاره،
ئاھ، ئانا سەيياره، ئانا سەيياره!

سەن ئانا بولمساڭ كۆيوٰپ ئۆچمەستىڭ،
بولماستىن غەمگجزار مۇنچە مەردانە.
سەن ئانا بولمساڭ، پەرزەنت ئشقدا
بولماستىڭ ئايلنىپ بۇنچە پەرۋانە،
هېلمۇ بولغنىڭ يەككە ـ يىگانە.

هەيرانمەن، بىر سەندە يارالغان تۇرۇپ،
بىراۋلار ئۆزىنى خۇدا سانايدۇ.
بەختى ئوٰچوٰن بىرەۋنى بەختسىز قىلىپ،
هەيرانمەن، رىسقىغا ئۇ ئوت قالايدۇ،
سەن ئۇنى كۆرگەندە باغرىڭ قانايدۇ.

بۇد ئۇنيا ئەسلدە شاتلىق، غەمخانە،
ئەجداتلار ئېيتىشار ئەجەپ ئەپسانە:
كۆرەلمەي جاپاكەش پرومېتېينى،

يوقتتش كويدا ئىزدەپ باھانە،
نە سەۋدا سالمىدى زېۋس مەستانە.

ئەسلىدە ئادەم ئۆچۈن يارالغان ئوتنى،
ئۇ ئەلدىن قىزغىنىپ، غاردا ساقلاركەن.
قۇتقازدىمى ئىنساننى تىلسىز يېغىدىن —
ئوتتىن دەپ، شۇ زېۋس ئۆزنى ئاقلاركەن،
بەزىلەر ھەق، راست، دەپ ئۇنى ياقلاركەن.

بۇد ئۇنىيا ئەسلىدە بېۋاپا دۇنيا،
يارالغان بولغېدى بەلكى تەشەلمەي.
چاقماقۆنى غەزىۋىم دېگۆزگەن زېۋس
ئۆزنى بارچىنلىك خۇداسى دەممەي،
ھەس ـ ھەستە بوغۇلار ئۇمۇ تەشەممەي.

بىر چاغلار ئادەملەر لايدىن بۇت ياساپ،
خۇدا دەپ چوقۇنۇپ، قىلغان ئىبادەت.
ھەيرانمەن، تېخىچە ھۆكمىن سۈرمەكتە،
ئەسرلەر ئۆتمەكتە، شۇ كونا ئادەت،
بەلكى دەر سىغىنىش —بەرگەي سائادەت.

ئۇ چاغلار ئوتقا زار ئېدى بۇ دۇنيا،
نە تاپساڭ تەڭ ئوتاق، خاملا يېيىشكەن.
ھەتتا كىم سۇ سىرىن كۆپىرەك بىلسە،
قانداقتۇ ئۇنى بىر ئاللاھ بىلىشكەن،
ئەل ئاڭا سىغىنىپ، خۇدا دېيىشكەن.

ئۇ چاغلار ئوتقا زار ئېدى بۇ دۇنيا،
سوغ ھۆكۈم سۈرەتتى بۇ يەر شارىدا.
ئوت ئىزدەپ يول ئالسا ھاڭلار توراتتى،
تاغ، دەريا تۇراتتى ئىككى ئارىدا،
ئۆرتىنەر ئېدى ئوت تىلسىم غارىدا.

يول ئالسا قۇھىقاپ تامان بىر ئوغلان،
ھالىغا قىز ـ جۇگان كىرپىك ياشلىدى.
يول ئالسا ئۇ سىرلىق سوقماقلار ئارا،
ئۈركىگەن كېيىكلەر غارغا باشلىدى،
تىلسىمات تاغ ئاڭا تاشلار تاشلىدى.

قۇھىقاپ قاپقىسى ئۇيۇل ـ ئۇيۇل تاش،
تا تاڭدىن شامغىچە ئۇ تاش غۇلاتتى.
ئەلگە ئوت سۇنۇشتەك ئىزگۈ ـ ئارمىنى

چارچىسا، كۈنگە زور كۈچ ئۇلاتتى،
ئۇ ئەلنى ئويلىسا غەيرەت تولاتتى.

ئۇ ئېلىپ كەلگىچە بىر پارچە ئوتنى،
گاھ بوران، گاھ يامغۇر يولنى تورېدى.
مەشئەلنى تۇغ قىلىپ تىككەندە يەرگە،
سىيادەك تۈن قوينى تاڭدەك يورۇدى،
"نە بۇ؟" —دەپ ئادەملەر چۆچۈپ سورېدى.

ئادەملەر سەزگەندى ئىسسىق تەپتىنى،
شۇ ئوتتىن دۈت ئېلىپ يانغاندا گۈلخان.
شۇ ئوتنى چۆرەدەپ، قاخلاپ ئالقىنىن،
تۇۋۋا، دەپ تىڭرقاپ بولۇشتى ھەيران،
يالقۇنجاپ ئوت تىلىن سوزاتتى ھەر يان.

ئالقىشلاپ كۆتەردى پرومېتېينى،
ئەزىزلەپ ئۆزىدىن دانا بىلىشىپ.
بىر ئۇنى كۆرگىلى، تاۋاپ قىلغىلى،
نە ـ نەدىن كىشىلەر توپ ـ توپ كېلىشىپ،
سىغىنىپ تۇرۇشتى خۇدا دېيىشىپ.

ئەل ئىچرە ئۇ تاپقان بۇ شانۇ ـ شۆھرەت،
زېۋسنىڭ قەلبىدە ئويغاتتى نەپرەت.
جاكالاپ جار سالدى "ئوت ئوغرىسى!" —

دەپ ،
پۈت قولىن باغلاتتى باسقاندا غەپلەت ،
تارلىق —دەرت ، ئەسلىدە تارلىق —چوڭ ئىللەت..

پۈت ـ قولى ماتالغان تۇراتتى تۇتقۇن ،
قەپەزدىن قۇش مىسال چىقىپ كېتەلمەي.
دەرغەزەپ لېۋىنى چىشلەتتى زېۋىس ،
باغلانغان رەقىۋىن تەسلىم ئېتەلمەي ،
يە هارام نىيەتكە چاپسان يېتەلمەي.

—تويۋا قىل ، شۇ توۋاڭ گۇنانى يەيدۇ ،
ئۆزەڭدىن ئۆزگىلەر غېمىڭ يېمەيدۇ.
تويۋا قىل! —دەر زېۋىس —مەن ئوغرى دېسەم ،
سەن دەمسەن ئەل —ئالەم ئوغرى دېمەيدۇ؟
بىلەمسەن مېنى ئوت خۇداسى دەيدۇ!..

—سەن ئوتنى يوشۇرۇپ غاردا ساقلىساڭ ،
سەن ئوغرى بولماستىن ، قانداق مەن بولاي.
بارچە خەق بىر پارچە ئوتقا زار تۇرسا ،
تۇرسا ئەل ئىنتىزار دەپ ئۇ ئوت سۇناي ،
سەن تويۋا قىلماستىن ، قانداق مەن قىلاي؟

—بۇ توۋۋا قىلىشىنىڭ ئورنىغا تېخى،
تېخى شەك كەلتۈردى ماڭا، قاراڭلار.
بۇ ئۆزى ئوغرىلاپ ئېپ كەلگەن ئوتقا
ئۆزىنى تۇتتۇرۇق قىلىپ قالاڭلار!
توختاڭلار، توختاڭلار، تاققا پالاڭلار!..

يۇناندىن كۆز يەتمەي تاغلار تاپالماي،
كاۋكازغا زەنجىربەنت قىلىپ باغلىدى.
تاپىنى ئاستىغا ئوت —گۈلخان يېقىپ،
تاشلارنى قىزدۇرۇپ، كۆكسىن داغلىدى،
باتۇرنىڭ بېلىنى ئۇ بوش چاغلىدى.

كاۋاپتەك پىژىلداپ كۆيگەندە كۆكسى،
سورىدى: —ئەندىغۇ كۆزگە ئىلارسەن؟
تەغدىرگە تەن بېرىپ، توۋۋا قىلماستىن،
بۇ گۈلدەك ئۆمرۈڭنى قانداق قىيارسەن،
ئەندىغۇ تىزلىنىپ تازىم قىلارسەن؟

—بېگۇنا باش ئېگىش —ئەرنىڭ ئىشمەس،
تىز پۈكۈش ئېغىردۇر راستى ئۆلگەندىن.
ئۆلگەن مىڭ ئەۋزەلدۇر بىلگەنگە، رەقىپ —
ئارتىڭدىن ھېجايىپ سوغاق كۈلگەندىن،
نە پايدا تىز پۈكۈپ، ئۆرە يۈرگەندىن!

يامغۇرغا تىل تۇتۇپ، تەشنالىق باسسا،
تۇراتتى ھاڭ تاشتا زەنجىربەنت قىران.
يالڭاچ تېنىنى بوران يالىسا،
قەلبىنى موجاتتى ئاچچىق بىر پۇغان،
كۆز يەتمەي چوققىدا تۇراتتى ئوغلان.

سۈبھىدەم تاغلاردىن ئالقىپ كەلدى سا،
زېۋىستىن ئەلچى بوپ، ھالىن بىلگىلى.
"نېمىگە كەلدىڭ؟" دەپ ئەگەر سورىسا،
"كەچۈرۈم سورامسەن يە، ياق؟" دېگىلى،
ياق، دېسە، كۆزلىرىن چوقۇپ يېگىلى.

تۇتقىنىنىڭ غەزەپتىن چاقناتتى كۆزى،
ئۇ تووۋا تورنىغا لەنەت ئوقۇدى.
سا ئەگىپ پەرۋانە كەبى بېشىدىن،
ئاھ، تىغدەك تۇمشۇقتا كۆزىن چوقۇدى،
بولمىسا يىرتقۇچنىڭ قارنى توق ئېدى.

چاشگاھدا پالاقلاپ كەلدى بىر قارغا،
دەپ: "ئايان بولۇپسەن زېۋس چۈشكە
ئېيت، تووۋا قىلامسەن، ئەگەر قىلمىساڭ،
خۇمارمىش بىر چىشلەم ئادەم گۆشكە!"
"ياق!" دېگەچ چوقۇدى يالاڭ تۆشكە.

زەنجربەنت شۇ تۇتقۇن قالدى لەۋ چشلەپ،
ئۇنلڭ كەلڭ كۆكسدىن شرغىپ ئاقتى قان.
ئېئىمگىدۇ غەزەپتىن تىترەتتى تېنى،
كىمگىدۇ نەپرەتتىن تاشلاتتى پۇغان،
كىمگىدۇ شۇنچە كەلڭ، كىمگە تار جاهان...

كەلگەندى شام مەهەل كۆز ئەينەك ئىلان،
شەرتىگە كۆنمگەچ، بوغدى بېلنى.
ئاڭا تىز پۆكمگەن شۇندىمۇ قىران،
هالقىدەك تۆگلىنىپ بوغدى گېلنى،
كۆنمگەچ ئۇ يۇلۇپ ئالدى تىلنى.

تاشلارغا تامچىلاپ تامدى ئىسسق قان،
چىرايى سارغىيىپ، بولدى زەپىراڭ.
هېچ نېمە دەلەلمەي بوغۇلاتتى ئۇ،
هەممدىن بۇ خورلۇق تۇيۇلدى يامان،
ياخشىنلڭ رايىغا باقمدى زامان!...

"توۋا!" —دەپ ياقىسىن تۇتاتتى زېۋس، —
يە، توۋۋا، دېمەيدۇ تۇرۇپ زەنجربەنت،
يېمەيدۇ ياكى بۇ بىرەر بۇردا نان،
ياكى تىلىمەيدۇ ئۇ رەهىم ـ شەپقەت،
هەيرانمەن، نەي\دىن بۇ ئالىدۇ مەدەت؟!

بەلكى شور ماڭلايغا كۆن ئۆتمسۇن دەپ،
بۆركۆتلەر قانىتى سالغاندۇ سايە.
بەلكى ئۇ تەشنا بوپ، كۆز يۇممۇسۇن دەپ،
قىلغاندۇ ئاپتاپتىن بۇلۇت ھىمايە،
بەلكى كۆن بەرگەندۇ ئۇندىكى غايە...

ئەسلىدە زور كۆچقۇ مەسلەك —مۇددىئا...
بەرگەندۇ چوڭ مەدەت، بەلكى شۇ يۆرەك.
يولۋاسلار ماكانى ھاڭ تاشلار ئارا،
كىم ئاڭا بولاردى بۇنچە يار-يۆلەك،
دېمەك، شۇ يۆرەكنى يېمەكلىك كېرەك! "

تۆشكە تاش پالتا ئۇرۇپ شۇم رەقىپ،
يۆرەكنى سىقىمداپ سۇغارغان زامات.
مۇشتۇمدەك يۆرەكتىن چىققاندى نىدا:
"سەن خۇدا ئەمەسسەن —قانخورسەن جاللات!
قانداقمۇ خۇدا دەر سېنى ئادەمزات؟"

پاك يۆرەك ئالقاندا سوۋۇماي تۇرۇپ،
رەقىپ ئۇھ تارتماستىن، ئالماستىن ئارام.
تاغلاردىن كەلگەندى بىر ئەسسىز سادا:
"سەن خۇدا ئەمەسسەن —قانخورسەن،
جاللات!"
تېخا قان قاتماستىن بولغاندى بەدنام.

تىترىگەن ئالقاندىن چۈشكەندى يەرگە،
بىر مەسۇم پاك يۈرەك مىلەنگەن قانغا.
"ئاھ!" —دېدى ئاتا يەر ئېلىپ باغرىغا،
يېرىلدى يېتەلمەي قالغاچ ئارمانغا،
بىر ياخشى پاتمىغاچ بۇ كەڭ جاھانغا.

شۇم خەۋەر يېيىلغان چاغدا جاھانغا،
كۆز يېشىن يامغۇر قىپ تۆكتى كائىنات.
شان-شۆھرەت خۇمارى بولغان قاتىلغا،
مىڭ لەنەت ئوقۇدى جىمى مۆجىزات،
ياخشىلار تۈپەيلى باردۇر بۇ ھايات!

بىر چاغلار زېۋىسىنىڭ كۆڭلى چاغ ئېدى،
ئابرويى سورىساڭ —خۇددى تاغ ئېدى.
ئۇ شۆھرەت تالىشىپ قەست قىلىپ، قاچان
باتۇرنى زەنجىربەنت قىلىپ باغلىدى،
شۇ چاغدىن تارتىپ ئەل ئۇنى قارغىدى.

تۇتقىنى شۇمېكىن قاننىڭ ئۇگالى،
كىرپىگى ئىلىنسا قارا باساتتى.
كىملەردۇ بوز خالتا كىيگۈزۈپ ئاتا،
قىل ئارقان سېلىنغان دارغا ئاساتتى،
كىملەردۇ سۈرلۈك چوڭ تاۋۇت ياساتتى.

كىمگىدۇ سىغىنىپ تا تاڭ ئاتقىچە،
كىمگىدۇ يېلىنىپ تىزىن پۈكەتتى.
تال كەبى تولغىنىپ تا كۈن پاتقىچە،
كىمگىدۇ يالۋۇرۇپ، يېشىن تۆكەتتى،
كىملەردۇ "قاتىل!" دەپ ئۇنى سۆكەتتى.

تۇتقىنى شۇمېكىن قانىنىڭ ئۇگالى،
ماڭسا ئۇ ئارقىدا شەپە سېزەتتى.
كىرپىگى ئىلىنسا، كىمدۇ تۇر دەتتى،
ھە ئۇنداق چاغلىرى جاندىن بېزەتتى،
ئۇنىڭ تاش باغرىنى كىمدۇ ئېزەتتى.

داۋاسىز بىر دەرتكە بولدى مۇپتىلا،
شۆھرەتنى قوغلىشىپ، (ئۇنى ھار ئالماي).
قاتىل دەپ قارغىسا ئۇنى جىمى يۇت،
ئەل ـ ئەلەم كۆزىگە قالدى قارالماي،
قالسامچۇ دۇنياغا دېدى يارالماي.

ئەل ـ يۇتتىن بەزدىمۇ قېچىپ بىر كۈنى،
دەرۋىشتەك يول ئالدى دەشتۇ ـ ياۋانغا.
تەشنالىق باسقاندا ئوچۇم سۇ سوراپ،
زارلىنىپ —— تەلمۈرسە ئۇ تۆرت تامانغا،
ھېچ كىشى سۇ سۇنماس ئېدى قاۋانغا.

قۇملارنى قۇچاغلاپ ياتسا هالسىراپ،
"قاتىلسەن!" —دېگەن ئۇن كېلەتتى هامان.
قالدىمۇ يە ئايلىنىپ ياكى قاڭسىراپ،
ئۆز گۆشىن ئۆزى يەپ بولدى ئۇستىخان،
ئەسلىدە ئۆتىنگە لاپقۇت بۇ جاهان!...

بۇ ئەجەپ ، ئۆزىنىڭ ئابرويى ئۇچۇن
بىرەۋنىڭ باغرىنى قىلغان لەختە خۇن،
ياتاتتى ئىككى گەز يەرگە بولۇپ زار،
بىرەۋنىڭ ئۆمرىگە زامىن شۇم مەلئۇن،
بۇ ئەجەپ، چوقاتتى كۆزىنى قۇزغۇن...

ئاھ، ئانا سەييارە، ئانا سەييارە،
تارىخقا پۈتۈلگەن بۇ بىر ئەپسانە.
ئوت قويۇش كويىدا سېنىڭ قوينۇڭدا،
بىرەۋلەر يۈرگەندە ئىزدەپ باهانە،
پرومېتېي كەبى كېرەك مەردانە.

بىر چاغلار ئوتقا زار ئىدى بۇ دۇنيا،
هازىر ئوت خوۋۇپىدىن بولماقتا بىزار.
ياقماقتا ئادەملەر ئوتقا بىر-بىرىن،
ياتماقتا يەر قۇچۇپ، كۆپەيتتى مازار.
تارتماقتا ئىنسان ئوت دەستىدىن ئازار.

بىر چاغلار ئوتقا زار ئېدى بۇ دۇنيا،
هازىرىن ئوت پالاكەت، بۇ يەر شارىغا.
بىر بالاڭ ئۆچەرسە بىرى پۈۋلەيدۇ،
باقماستىن گۆدەكنىڭ ئاھۇ ـ زارىغا،
ئاسماق ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ سىمسىز دارىغا.

ئاھ، ئانا سەييارە، ئانا سەييارە،
بۇ ئوتنىڭ خوۋۇپىدىن ھېچ يەر خالى ئەمەس.
ئوت بىلەن ئوينىشار ئەستىن ئاينىغان،
شۆھرەتنىڭ شارابىن ئىچكەن چالا مەس،
دەمدۇ ئۇ ئۆزىنى ساڭا بالا ئەمەس.

ئاھ، ئانا سەييارە، ئانا سەييارە،
تەشۋىشىڭ ئاشماقتا، غېمىڭ زىيادە.
قاچانكى ئوت قويسا زېدى پەس بىرى،
زېۋىستەڭ بولغۇسى شۇ كۈن سازايە،
پەرزەنتلەر بىر سېنى قىلار ھىمايە.

ئاھ، ئانا سەييارە، ئانا سەييارە،
تەشۋىشىڭ ئاشماقتا، غېمىڭ زىيادە،
دانا بىر ئىنسانغا مۇھتاجدۇر دۇنيا!
زىمىننى تۇتقاي شۇ كۈچلۈك ئىرادە...
زىمىننى ئاق ئاق نىيەت قىلغاي ئىرادە...

بىر چاغلار ئوتقا زار ئېدى بۇ دۇنيا ،
باتۇ رېپ كەلگەن ئوت ئەسقاتقان جانغا .
ئەندى ئوت ئوچىغىن ئۆچەرمەك ئۉچۉن
تۇتۇشماي تۇرغاندا جىمى جاھانغا ،
زاردۇر يەر پرومېتېي كەبى ئوغلانغا .

## كۆچكەن يۇلتۇز

ئىككى كىشى تونۇتار خەلقنى،
بىرى —باتۇر ۋە بىرى —شائىر.
سېنى باتۇر دېگەنلەر، دوستۇم،
شائىردى دەپ ئالار ئاخىر.

ئىككى خىسلەت بار ئېدى سەندە،
ھېچ ئۇپىرىماس تىللا ئېدىڭغۇ.
يۈرىگىمدىن سورىسام دەيدۇ:
ھەق ـ ناھەقتە لىلا ئېدىڭغۇ!

يەنە كىمدىن سوراي مەن سېنى،
ھەممە گەپنى يۈرەك دەپ تۇرسا.
ئارىمىزدا يوققۇ سەن قېنى؟
تۆگىمەن تالاي تۇرسا.

ئارىمىزدا يوققۇ سەن قېنى؟
نەگە كەتتىڭ، كەلسەك تويۇڭغا؟!
كۆپ ئۆتمەيلا سېغىنىپ سېنى،
گۈل ئاسقىلى كەلسەك بويۇڭغا.

بەلكى غەپلەت ئۇيقا باسقاندۇ،
بەلكى تۈننى بىدار ئۆتكۈزدۈڭ.
ئۆزەڭ كەلمەي، كەلگۈزۈپ قويۇپ،
شۇنچە خەقنى شۇنچە كۈتكۈزدۈڭ.

ئارىمىزدا يوققۇ سەن، قېنى؟
سېنى، دوستۇم، كىمدىن سورايمەن.
سېنى سىلىپ قويغان بۇ كويغا
قايسىسىنىڭ يولىن تورايمەن.

قوي كۆزۈڭنى يۇمدۇڭمۇ ياكى
پايانى يوق خىيال سۈرەشكە.
شۇ كۆزلىرىڭ كېرەك ئىدىغۇ
ئايانى يوق ئىشنى كۆرۈشكە.

كىمدۇ سوغاق يەتكۈزدى خەۋەر،
قانداق تىلى باردى دېيىشكە.
كۆز ئالدىمدا سەن كۈلۈپ تۇرساڭ،
ئۆلدى دەيمەن سېنى نېمىشكە.

كىمدۇ سوغاق يەتكۈزدى خەۋەر،
ئۇ دوست بولسا ئۇنداق دېمەيدۇ.
ساڭا ئوخشاش شائىر دېگەنلەر
ئۆلۈم نېمە ئۇنى بىلمەيدۇ.

شائىر دېدىم، شائىر بولمساڭ،
ئالىتاغدىن ئاشماستىن بويۇڭ.
ئۆزەڭ باغىق تارتماي تۇرۇپ،
قىزىماستى بۇنچە زور تويۇڭ.

شائىر دېدىم، شائىر بولمساڭ،
سېنى كىممۇ يادلاپ كېلەتتى.
ئىشى يوقمۇ شۇنچە بۇ خەقنىڭ،
تاغۇ ـ دەريا ئاتلاپ كېلەتتى.

شائىر ئېدىڭ، شائىر بولمساڭ،
نامىڭ قانداق كەتتى جاھانغا.
داۋا ئېدىڭ، دانا بولمساڭ،
بۇنچە يېقىن بولماستىڭ جاگغا.

ياش ئېدىڭغۇ، يالغۇز ئېدىڭغۇ،
بىر تالدىڭغۇ، ساقلاپ قالمىدۇق.
قارا دېسە، قارا ئەمەس دەپ،
مۇرات، ئاقلاپ قالمىدۇق.

ئالىم ئېدىڭ، تەنها ئېدىڭغۇ،
چالما ئاتتۇق پىشقان چېغىڭدا.
بىز يۈرىمىز ئالما ـ ئۆرۈكنى
يېگەن پېتى سېنىڭ بېغىڭدا...

ئالشىم دېدىم، ئالىم بولمساق،
باتۇرلۇققا بولاتتىنىڭ لايىق.
يارىلىشتىن بۇ ھايات قىزىق،
باتۇرلارغا خۇشتار خالايىق.

باتۇر دېدىم، باتۇر بولمساق،
دەرت كەلگەندە قانداق چىداتتىنىڭ.
بۇ ھاياتنىڭ قايناملىرىغا
تىگرىقماستىن ئۆزەڭنى ئاتتىنىڭ.

باتۇر دېدىم، باتۇر بولمساق،
كۆپ بولماستى بۇنچە ئۆچمىنىڭ.
ئىلىم ـ پەندە ئايدەك تولمساق،
تەڭ ئالماستى ھەتتا دۈشمىنىڭ.

باتۇر دېدىم، باتۇر بولمساق،
تونۇماستى خەلقىمنى ئالەم.
سەندەك ئوغلى بارلار جاھاندا،
بىلمىشى ھەق نېمە دەرت ـ ئەلەم...

باتۇر دېدىم، باتۇر بولمساق،
چارچاپ بۇنچە ئۇزۇپ ياتماستىڭ.
دانالىقتا بۇ بۇنچە تولمساق،
بەلكى مۇنچە ھەچرەت تارتماستىڭ...

دانا دېسەم، ياق دېدىڭ ھەجەپ،
كەمتەر كېلەر ئەسلى چىن ئىنسان.
ئەلنىڭ مېھرى ئاقماستى مۇنچە،
گەر سېنىڭدە بولمىسا ئېھسان.

دانا دېسەم، ياق دېدىڭ ھەجەپ،
ئەل داناسىز يۈرسۇن دېدىڭمۇ؟
ئېتى ئۇلۇق، سۇپۇرسى قۇرۇق
"دانالارنى" كۆرسۇن دېدىڭمۇ!

دانا دېدىم، ياق دېسەڭ مەيلى،
ئەلنىڭ سەندە قەرزى قالمىدى.
تۇرغىن مۇرات، بولغۇلۇق بولدى،
ھېچ كىمنىڭمۇ ئەرزى قالمىدى.

كىلغىلىقنى رەقىۋىڭ قىلسا،
دوستا قالدى خىجالەتچىلىك.
سېنى يامان دېسە قانچىلىك
ياخشى ئېدىڭ ئەسلى شۇنچىلىك.

ئارىمىزدا يوققۇ سەن قېنى،
ئەل ئۆتكۈزەر ئوغلىنىڭ تويىن.
تۇرغۇن، دوستۇم، سېنىڭ دوستلىرىڭ
سەنسىز قىسىپ قالاركەن بويۇن.

يۈز يىلدا بىر تۇغۇلار بەلكى
سەندەك دانا، بەلكى تۇغۇلماس.
سەندەك ئوغلى بارلار جاھاندا،
ھېچ خار بولماس، ھەرگىز بوغۇلماس.

بارچە كۆزنى يۇلتۇزدەك تارتىپ،
تاڭ قالدۇرۇپ چاقنىدىڭ ئۆچتۈڭ.
تۇيۇقسىزلا يۇلتۇزدەك ساقىپ،
كۆكتىن پەقەت كۆڭۈلگە كۆچتۈڭ.

## ساداقەت تىمسالى

ئاتما، دوستۇم، ھاڭغۇتنى ئاتما،
ئاتماسلىقنىڭ بولسا چارىسى.
مەن ئاتقانمەن، ئامما سەن ئاتما،
ئاتساڭ، ئۆلەر جۈپتى —پارىسى.

يارالغاندىن بىرى ئېتىشتۇق،
ھەتتا قۇشلار قالمىدى خالى.
نىمە ئېكەن ئۇلار گۇنايى،
يامان بولار قاننىڭ ئۇگالى!

ئۆتۈنۈشۈم، ئۆكۈنمە ھەرگىز،
قالساڭ ئەگەر ئۇنى ئاتالماي.
يادىمدا بار، مەن ئېتىپ قويۇپ،
قانچە تۈنلەر قالغان ياتالماي.

يادىمدا بار، ئاق قار ئۈستىنى
مەن شەپەقتەك قاندا بويىغان.
بوۋاق كەبى ئىڭرىغاندى ئۇ،
ئۇنداق بولار دەپ كىم ئويلىغان.

يادىمدا بار، مەن تۆككەن قاندەك
قۇياش چىققان شۇ كۈن قىزىرىپ.

قانچە ئېغىر قاننى كۆرمەكلىك،
قانچە ئېغىر تۇرماق بېزىرىپ.
مېنى ئۇزاق قارغاپ، غاقىلداپ،
جۈپتى ئەگىپ ئۇچ جان بېشىدىن.
قۇشلارنىڭمۇ ساداقىتىنى
كۆرگەن ئېدىم تامغان يېشىدىن.

يادىمدا بار، ئەشۇ جۈپتىنى،
قانىتىدا قارغا كۆمگىنى.
ماتەم تۇتۇپ ئۇنىڭ بېشىدا،
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ مۇڭغا چۆمگىنى.

يادىمدا بار، قارلارنى تىلغاپ،
يۈرگەنلىگى تاشلاپ كېتەلمەي.
ئەپسۇس، تىرىك ئۆلسۇن دېدىممۇ،
مۇرادىغا ئۇلار يېتەلمەي.

يادىمدا بار، ئەشۇ تۈن بويى
ئاھ ـ نالە قىپ، ھەسرەت چەككىنى.
يادىمدا بار، بوينىنى قىساپ،
ماتەمزادە بېشىن ئەككىنى.

يادىمدا بار، قانىتىنىڭ كېرىپ،
باغرىن يېقىپ، قاردا ياتقىنى.

بېشىن قويۇپ جۈپتى كۆكسىگە،
ياتقان پېتى تاشتەك قاتتىقنى!..

كۆز يېشىدىن مۇز بوپ قاتتىقنى —
شۇ ئەمەسمۇ ئازاپ تارتىقنى!
يۈرۈگىمنى لەختە قان قىلىپ،
شۇ ئەمەسمۇ خەنجەر پاتتىقنى.

بۇنچىۋالا بولامدۇ بەرداش،
كۆپ ـ كۆك مۇز بوپ قاتتىغۇ كۆز ياش.
مەن سېخى دەپ يۈرگەن تەبىئەت
بۇنچىۋالامېدى باغرى تاش؟!
قانغا پاتتى شاتلىق ۋىسالى،
قاردا قاتتى ھەيكەل مىسالى.
ئۇلار قۇشقۇ! شۇ قۇش چېغىدا —
ساداقەتنىڭ بولدى تىمسالى.

بەلكى ئۇلار ئاشىق ـ مەشۇق بوپ،
كۆيۈپ ـ كۆيۈپ ئۆچكەن بولغېدى.
بەلكى زىمىن شۇنچە تار كېلىپ،
قۇش بوپ كۆككە كۆچكەن بولغېدى.
كۆيگەن بىلەر، كۆيدۈرگەن ئىشق،
قەيسىنىمۇ مەجنۇن ئەيلىگەن.

ئاھ ئۇرغاندا ، ئاچچىق پۇغانى
لەيلى قەلبىن ئۇ خۇن ئەيلىگەن.

بەلكى ئىشقىن قىلىشسا ئىزھار،
ئۇنى زامان ئالغاندۇر بەك ھار.
بەلكى ئۇلار زىمنىگە پاتماي،
قىلغان چېغى كۆكنى ئىختىيار.

بىلكى ئاشىق تىلى كېسىلىپ،
قىرقىلغاندۇ مەشۇق چاچلىرى.
بەلكى يەرنى سېغىنغاندا چاغلار،
يامغۇر بولۇپ ياغار ياشلىرى.

مۇرادىغا يېتەلمەي يەردە،
بەلكى قانات قېقىپ كەتكەندۇ.
يەردە ئاشىق ئازاۋىن تارتىپ،
ئارمىنىغا كۆكتە يەتكەندۇ.

بەلكى يەرنىڭ يادى قىينىسا،
ئەگىپ ـ ئەگىپ قونار تۇپراققا.
ئەشۇ قۇشنىڭ بىر خىسلىتى شۇ:
ئادەملەردىن قاچماس ھېچ ياققا.

مەن ھەيرانمەن، جۈپ ـ جۈپ يۈرىدۇ،
بىر ـ بىرىدىن نېرى كېتەلمەي.
ئادەملەرگە تەلمۈرەر، بەلكى
ئادەملىگىن ئايان ئېتەلمەي...

ئۇ توپىراقنى باغرىغا بېسىپ،
ئاپپاق ـ ئاپپاق تاڭ ئاتقۇزىدۇ.
كېچەلمەستىن يەرنىڭ مېھرىدىن،
كىرپىك قاقماي، كۈن پاتقۇزىدۇ.

ئۇلار ياشار سۆيگۈگە سادىق،
مۇھەببەتنى نامايىش قىلىپ.
تېنى يوقتۇر ۋاپادارلىقتا،
ئاتما شۇڭا سەن قىلمىش قىلىپ.

بىز قەدرىگە يەتمىگەن ئۆمۈر،
بىلسەڭ ئېدى كۆزنىڭ قارىسى.
ئاتما، دوستۇم، ئۇنىڭسىز ئۆلۈم،
قاش ـ كىرپىكنىڭ ئېكەن ئارىسى.

ئاتماس، دوستۇم، ھاڭگۇتنى ئاتما،
ساداقەتنىڭ تىمسالىغۇ ئۇ.
ساداقەتكە كۆز تەگسە ئەگەر،
ياشاپ تۇرسۇن قۇشتا بولسىمۇ!..

**شائىر شامغا ئوخشايدۇ**

ئۆرۈم چېچىن قولىغا يۆگەپ،
قىز سېدىگە تۇرار يۆلىنىپ،
بۇغداي ئۆڭلۈك يىگىت كەلگەن چاغ،
قىز شاتلىقتا قالدى بۆلىنىپ.

چاپچىپ تۇرغان مەسۇم يۈرىكى
چىدالامدۇ ئۈنسىز تۇرۇشقا.
"نەگە؟" —دېدى، بولمىسىغۇ ئۇ
ماڭغىنىنى بىلەر ئۇرۇشقا.

يىگىت دېدى ئەشۇ جانانغا:
"فاشىست تىغدەك قادالدى جانغا.
مەن بارمىسام، گەر سەن بارمىساڭ،
ياۋ ياققان ئوت يامرار جاھانغا".

قىز ئېسلىدى، بويىنى قىسلىدى،
تىلى تىترەر سۆيەي دەلەلمەي.
ئىسمايىلجان كەتسەڭ ئېلىپ كەت،
سەنسىز ئاخىر ئۆلەي، دەلەلمەي.

يىگىت دېدى: "گۈلشەن، ياخشى قال،
قېپ قالارمەن رىسقىم پۈتمىسە!"

مېنى كۈت دەپ يالۋۇرمىدى ئۇ،
يار بولامدۇ كەتسە، كۈتمىسە.

جەڭ ياياتتى قاپ قارا ئېتەك،
توپلار يايار كۆمۈچ رەڭ تۈتەك.
جەڭ ئۇيقىدىن ئېپ قاچتى ئارام،
جەڭ سىققۇزار ئېدى گېكىتەك.

توپ زەربىدىن دالا ھالسىراپ،
توپ زەربىدىن سىلكىنەتتى يەر.
توپ زەربىدىن تېنى تىنتىلىپ،
شەلدەم بولۇپ چۆشكەندى سوغ تەر.

تىنغدەك بۆسۈپ بارار ئاق بوز ئات،
تىزگىن سېرىپ توختار ئەمەس ھېچ.
قوشما قاشلىق ئوغلان قولىدا
ئاتا سوقۇپ بەرگەن گان قىلىچ.

ئەپسۇس، بىر چاغ تەگدى ئاڭا ئوق،
ئۇ تىرىلىپ قالدى ئېگەرگە.
مەيدان ئارا كېزىپ يۈردى ئات،
ئېگىسىنى تاشلىماي يەرگە.

ئەشۇ تىلسىز هايۋان چېغىدا،
شۇ ئوغلانغا بولغاندى قانات،
نېچۅك ئادەم ئېتىشىدۇ ئوق،
شۇسىز توختاپ قالاردەك هايات.

بولمىسىغۇ بىر سەيياردىمىز،
بارچىمىزغا بىردۇر بۇ پەزا.
قان تۆكۅلۅش پۅتمەيدۇ نېچۅن،
تۅگمەيدۇ نېچۅن بۇ قازا؟!

جەڭدىن قايتتى ئەلەم تۇتالماي،
تەغدىر تەتۅر كۅلگىنىغۇ شۇ.
قالسا ئەگەر قەلەم تۇتالماي،
شائىر تىرىك ئۆلگىنىغۇ شۇ.

شائىر —ئوتتۇر دىلنى ئىسسىتار،
پەرۋا قىلماس كۆيۅپ ئۆتكەنگە.
نېمە يەتسۇن ئەل ئۅچۅن كۆيۅپ،
يۇلتۇز كەبى ساقىپ كۆچكەنگە.

شائىر ئوتقۇ كۆيمەككە خۇشتار،
تېگىپ قويساڭ، كېتەر يالقۇنلاپ.
ئۇغۇ ئوتقۇ، كۆيۅك ئوتىدا
كەتكەنلەر كۆپ مەجنۇن بوپ توۋلاپ...

**ھەجەپ ئۇنى ساقلاپ قالمىدۇق،**
**تالانىت زەردىن قىممەت ئېدىغۇ.**
**تالانىت ئۆلسە، بىر يۇت قايغۇرار،**
**تالانىت ئەلگە زىنەت ئېدىغۇ.**

**ئوق يارىسى ئەدىگەن چاغدا،**
**يار پەرۋانە بولدى يېنىدا.**
**ياتسىمۇ ئۇ ئىككى پۈكلىنىپ،**
**جوش ئۇراتتى شېئىر قېنىدا:**

**"شېئىرىم قىلىچ بولار قىلىچلاشسام،**
**شېئىرىم بومبا بولار شىلتىپ ئاتسام.**
**شېئىرىم قۇرۇق سۆزلۈك كۆرەڭلەرگە،**
**نەيزە بولار تەنقىت بىلەن سىرىن ئاچسام..."**

**پىچىرلاتتى ئۇنىڭ لەۋلىرى،**
**كۆيۈپ پۈتتى تۈندە ئۆرتىنىپ،**
**ئۇ ھاياتقا كېرەك ئېدىغۇ؟**
**جان بەرمىدۇق نېچۈن ئۆتىنىپ.**

**ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلماي،**
**خۇش پۇرىغى ھەر يان چېچىلماي،**
**خوراپ قالارمىدى بۇ دۇنيا،**
**تۇرسا بىر ئاز كېيىن پىچىلماي.**

ئەجەل بىلەن ئۇزاق ئېلىشىپ،
تاڭدا قەلەم چۈشتى قولىدىن.
"ئىسمايىل!" —دەپ زارلىنىپ يىغلاپ،
گۈلشەن قۇچۇپ تۇرار دولىدىن.

دەتتى يۇگان: "ئاچقىن كۆزۈڭنى،
كىمگە ئېيتاي ئەندى سۆزۈمنى؟
كىملەرگىمۇ كۆرستەي ئەندى،
ئۆزەڭ ئاي دەپ سۆيگەن ئۆزۈمنى!"

كىمدۇ دېدى: "سەۋر قىل، قىزىم،
سېنى تەنها تاشلىمايدۇ ئەل.
شائىرلارنىڭ ئۇلۇقلىغى شۇ:
(ئاۋارە قىپ يۈرمەي دەپ سېنى)،
ئۆزى قويار ئۆزىگە ھەيكەل!"

يۈرىگىگە قۇلاق سىلسا ئۇ،
ئۇ تېپىرلاپ بىر نېمە دەيدۇ:
"ئىككى قېتىم كېلەر دۇنياغا
شائىر دېگەن ھەر كىم بىلمەيدۇ،
شائىر دېگەن ئەسلى ئۆلمەيدۇ..."

شائىر ئوتقا ئوخشايدۇ ئاخىر،
ئوت بولمىسا چاپسان ئۆچمەيدۇ؟
ئوت بولمىسا دىلنى ئىسسىتقان،
تىلدىن تىلغا بۇنچە كۆچمەيدۇ؟

شائىر شامغا ئوخشايدۇ ئاخىر،
كۆيۈپ ـ كۆيۈپ يۇئىر كۈن پۈتىدۇ.
ئامما ئۇنىڭ يۈرەك سۆزىدىن
ئەل ئىسسىنىپ ئۆتىدۇ،
شائىرسىز ئەل نامسىز يۈتىدۇ...

## بومبىلار قەبرىستانى

**ھەر بىر يادرو سىنىغى مىڭلىغان نامەلۇم قۇرۋانلىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ.**

**ئاكادېمىك ئا. ساخاروۋ**

**خەتەرلىك ئۆچ بۆلۈك ئارىسىدا بىز،**
**شۇڭلاشقا بۇ يەردە قەبرىستان تولا.**
**شۇڭلاشقا يەر يەتمەي قالامدېكىن دەپ،**
**يەرلىك ئۆچۆن يەر تۇتۇپ قويىمىز توۋۋا!**

**بۇ يەردە خرىستىئان قەبرىستانى بار،**
**(نېمىلەر بولمايدۇ دەيسەن ھاياتتا).**
**بۇ يەردە مۇسۇلمان قەبرىستانى بار،**
**بار بىزدە بومبىغا قەبرىستان ھەتتا!**

**خەتەرلىك ئۆچ بۆلۈك ئارىسىدا بىز،**
**شۇڭلاشقا تەشۋىشسىز ئۆتمەيدۇ بىر كۆن.**
**ئويلىماي ئوت بىلەن ئوينىشىۋەرسەڭ،**
**قىيامەت ـ قايىمۇ بولۇشى مۆمكىن.**

**بولمىسا دۇنيا كەڭ يېتىپ ئاشىدۇ،**

بولمسا ئاڭا يەر ئورتاق ئۆيۈمىز.
پەيلىمىز بۇ بولسا توپان تاشقىنى،
ئاتومغا تۇترۇق بوپ ياكى كۆيۈمىز.

خەتەرلىك ئۈچ بۇلۇڭ ئارىسىدا بىز،
ئۈچ بۇلۇڭ —ئاق تۆبە، لوبنۇر ۋە شەمەي.
قاڭسىق ھىد بۇرۇنغا پۇراپ تۇرسىمۇ،
بۇ چاققا كەلدۇقمۇ بىر نېمە دېمەي.

ئەسلى بىز بومبىنى سىناۋاتامدۇق،
يە ساناۋاتامدۇ بومبىلار بىزنى.
ئاخىر بىز ئۇنىڭغا يەم بولماق ئۈچۈن
تۇغۇپ چوڭ قىلمىغان ئوغۇلنى ـ قىزنى...

خەتەرلىك ئۈچ بۇلۇڭ ئارىسىدا بىز،
ئويناشساق بەختىمىز پۇچۇپ كېتىدۇ.
پەزاغا بىكار بىر راكېتا ئاتساق،
بىر شەھەر رىسقى تەڭ ئۇچۇپ كېتىدۇ.

كەلگىچە كۆرمىگەن تاكى بۇ ياشقا،
چاڭ ـ توزاڭ "يامغۇرى" ياغماقتا باشقا.
جاپانى كۆپ تارتىپ راھەتنى كۆرمەي،
ئايلىنىش ئارزۇمۇ توپىغا ـ تاشقا.

لوبنۇردا بىر ئاتوم بومبا يېرىلسا،
توكىئودا مىڭ ئۆيدە ئېچىشسا هازى،
شەمەيدە يېرىلسا قەدەھ كۆتەردۇق،
بولۇشنىڭ ئورنىغا ئۇندىن نارازى.

ئەسلى بىز بومبىنى سىناۋاتامدۇق،
ھەيھاتناس، ئوت قويۇپ ئويناۋاتامدۇق.
پۇل سورۇپ، بۇ باشقا بالا تۇغدىرىپ،
ھەيھاتناس، كۆمۈشنى ئويلاۋاتامدۇق.

زېمىنغا ئوق ـ دورا دوگلاندى تاغدەك،
كىشگە تونىلاپ بەرسە ئاشقىدەك.
ھېلىمۇ ئادەمنىڭ دانا بولغىنى،
يەرگە ئوت تۇتاشسا، نەگە قاچقىدەك!

ئادەملەر، ئاق نىيەت بولمىسا بېكار،
يالغاندىن ھېجىيىپ كۈلۈۋاتىمىز،
ئاتوماغا قارغاشمۇ قىلمايدىكەن كار،
ئەجەلدىن بۇرۇنراق ئۆلۈۋاتىمىز.

بۇرۇنغۇ پەزامۇ ساپ ئېدى —تازا،
كىشلەر —بۇنچە كۆپ ئاچماتتى ھازا.
يەرنى دۈم قىلغىدەك بومبا يوق ئېدى،
يوق ئېدى، ھەيرانمەن، مۇنچە كۆپ مازا.

ئەسلى بىز بومبىنى سىناۋاتامدۇق،
ۋە ياكى كىمگىدۇر سىناپ ئاتامدۇق.
ئاتمىساق پۇل خەشلەپ كۆممەكلىك ئۈچۈن،
دەردىنى بىكاردىن ـ بىكار تارتامدۇق.

ئاتومنى تاپقانغا ئوردېن بەرگىچە،
ھېلىمۇ كەچ ئەمەس، جازالاش كېرەك!

كېرىلدۇق دەۋرىمىز ئاتوم دەۋرى دەپ،
نېمانچە ھاماقەت ئادەم بالىسى.
ھېلىتىن ئۈنتۇدۇق خىروسىمىنى،
پۈتمىگەن يارىنىڭ تۇرۇپ چالىسى.

ئادەمدىن ئۇلۇق ھېچ نەرسە يوق دەيمىز،
ئۇغۇ راست، قەدرىنى بىراق بىلمەيمىز.
ئاھ، قانسىز پاجىئە تولۇپ تۇرسىمۇ،
دېمەيمىز، كىمدىندۇر رەھىم تىلەيمىز.

نەلەرگە يوقالدى، نەلەرگە ئاخىر،
ھەتتاكى ھايۋاندا بار مېھىر ـ شەپقەت.
نېمانچە ھەممىگە قىلىمىز تاقەت،
دەرت بولسا تارتقىلى قەلدۇقمۇ پەقەت.

بۇ ھەجەپ، بىراۋۈچۈن غەممۇ يېمەيمىز،
گەر يېسەك قويچىغا بولاردۇق يۆلەك.
شەمەينىڭ يېنىدا (نىۋادىدا ئەمەس)
ئارمان يوق پەقەت كۈن كۆرۈشتىن بۆلەك.

قويچى ئەل غېمىن يەپ، يۈردى دالادا،
قويلىرىن سەمەرتىپ خەققە سۇندى ئۇ.
قۇم كۆچسە، قويلارنى ھايداپ دالدىغا،
تاشلارنى تەھى قىپ، دەشتتە قوندى ئۇ.

ئارزۇلاپ باقتىنى قويىنىغا ئېلىپ،
ئۆزىنى شۇ چۆلنىڭ شاھى سەزگەندى.
ئايالى ھامىلدار بولغاننى بىلىپ،
شاتلىنىپ شۇ دەشتنى ياياۋ كەزگەندى.

پاناسىز شۇ چۆلدە جۇدۇندا كېلىپ،
چۈشەكتە بىر جۈمە يېتىپ قالدى ئۇ.
قوزىلار مەرىسە، چىدالماي باقت،
باققىلى دالاغا كېتىپ قالدى ئۇ.

بولمىسا ئاي-كۈنى توشۇپمۇ قالغان،
قوي بېقىپ قانچە قىر ئاشتى ئۇ داۋان.
كۈن ئۇچۇق بولسىمۇ ھاۋا گۈلدۈرلەپ،
يەر تەۋرەپ يالت-يۇلت قىپ يورۇدى ئاسمان.

كۆن ئوچۇق بولسمۇ ھاۋا گۈلدۈرلدەپ،
بىر ھازا بۆشۈكتىنەك تەۋرەپ كەتتى يەر.
ئولتىرىپ قالغاندى نىمە بالا دەپ،
قىيامەت قايىمدىن كەلگەندەك خەۋەر.

چاچماقتەك چىقلغان نۇرغا بىر قاراپ،
ئايالىنىڭ ئاھ، شەھلا كۆزى تۇتۇلدى.
دات ـ پەرىيات سالدى ئۇ كىمنىدۇ قارغاپ،
ئەجەلنىڭ دامىغا تىرىك يۇتۇلدى.

ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەن دىگەندەك،
تۇيۇقسىز تۇتقاندى ئاچچىق تولغىقى.
قىزارغان يۇلغۇننىڭ ياتتى تۈۋىدە،
ھاياتۇ ـ ماماتنىڭ بولۇپ ئوغلىقى.

تونۇرنىڭ تەپتىنى پۈركەتتى شامال،
تولغىنار، تولغاققا يوققۇ بىر ئامال.
تولغاققا بەرداشلىق بەرگىنى ئۈچۈن
قەھرىمان ئاتالسا، ئەرزىيدۇ ئايال!

ئۆپكىسى قىسلىپ، ھەر يان ئىسلىپ،
ئاھۇدەك مۆلدۈرلەپ، قىلاتتى پەرىيات.
شۇنچىلا جاپانى چەككەچكە ئانا،
قىممەتتۇر بالىغا، بەلكى بۇ ھايات.

ئالەمنىڭ تەشۋىشى، يەرنىڭ تەۋرىشى،
ئايالنىڭ ئىڭرىشى بىر مەھەل تىندى.
بىر مەھەل تارالدى بوۋاق "ئىڭەسى"،
ئارمان قىسىپ تىلىگەن ئوغۇل بوشاندى.

كۆرەلمەي ياش تۆكتى پەرزەنت ئۆزىنى،
ئاھ، كۆرۈش بەختىمۇ بولمىدى نېسىپ.
ئۇ سىلاپ بوۋاقنىڭ باشۇ-كۆزىنى،
ئېتەككە يۆگىدى كىندىگىن كېسىپ.

قوي-قوزا قوتانغا كېلىشتى مەرەپ،
باقىتتىن ھېچ خەۋەر، دېرەك يوق ئېدى.
شۇ چۆلدە يە باشقا پانا بولغىدەك،
ھەتتاكى بىرەر تۈپ تېرەك يوق ئېدى.

يۇلغۇننىڭ تۈۋىدىن تاپقاندى مۇقاي،
ئايالنى شۇ ھالدا كۆرۈپ بولدى لال.
ئۇ خەۋەر بەرگەندى، قىلماستىن ھايال،
ۋېترولېت دوختۇرنى ئېپ كەلدى دەرھال.

ئاھ، قانسىز پاجىئە، قانسىز پاجىئە،
بوۋاقمۇ كور بولۇپ تۇغۇلغان ئېدى.
بىلمىدىم نە گۇنا نارېسىدىدي،
ماڭلىيى شور بولۇپ تۇغۇلغان ئېدى.

ئوغلىنىڭ كورلىغىن ئاڭلىغان ھامان،
چاچ چۇگۇپ، يىغلىدى ئاھ-پەريات ئۇرۇپ.
سىناقنىڭ قۇرۋنى بەختسىز باقت،
ساماندەك سارغىيىپ، كەتتى ئۇ قۇرۇپ.

قارىقات مىسالى بوۋاق كۆزلىرى
ئانىنىڭ دىدارىن كۆرەلمەي ھەلەك.
بالىسىن كۆكرەككە تاڭغان شۇ ئاڭا،
ئۆكسەتتى "نېمانچە كايىسەن، دەپ، پەلەك!"

پەلەككە نە گۇنا، باردۇر نە ئىلاج،
ئۇ تۇرسا ئادەمنىڭ رەھمىگە مۇھتاج.
ئۇنىڭ پاك باغرىنى بۇلغىساق ھەدەپ،
پەلەك ساپ ھاۋاسىن قىلماقتا خىراج.

پەلەكتە نە گۇنا، يەر يەتمىگەندەك
ئۇنىمۇ قوشتۇققۇ سىناق مەيدانىغا.
پەلەكنىڭ كۆز يېشى بولغان بۇ يامغۇر،
ئۆرۈلۈپ كەتمىسە بولاتتى قانغا.

پەلەكتە نە گۇنا، كۆكسىنى تېشىپ،
باغرىنى يارا قىپ، گۇنانى ئارتتۇق.
ئاتومنى بىز يەردە سىنىغان بىلەن
ئۇنىڭ زەررىلىرى پەلەككە "تارتۇق".

باقتنى بەختسز قلغان پەلەكمەس،
يېندا پارتلغان ئاتوم شولسى.
بۇ كۈندە نېمە كۆپ راستى كېسەل كۆپ،
بومبنڭ قۇرۋنى تەگدىن تولسى.

باقتنى بەختسز قلغان پەلەكمەس،
براق بز دەيمز بۇ پەلەك گەردشى.
توختماي ئوت بلەن ئوينشۋاتقان
كمۇ ئۇ —ئەل بلەن كارى يوق كشى؟!

باقتنى بەختسز قلغان پەلەكمەس،
ئادەمنى سنماق قانۇنغا خلاپ.
برەۋنى بەختسز قلماقلق ئۈچۈن
ئاخر قلغانمېدۇق ئۇلۇق ئنقلاپ؟!

خەتەرلك ئۈچ بۇلۇڭ ئارسدا بز،
شۇڭلاشقا بۇ يەردە گۆرستان تولا.
بومبنى سناق قپ، تەزدۈرۈپ بولدۇق،
بۇلبۇللار سايرماس باغ ـ بوستان تولا.

خەتەرلك ئۈچ بۇلۇڭ ئارسدا بز،
قورقۇمز قاقاهلاپ، قېنسپ كۈلۈشكە.
يە يارالغانمۇ بز ئەجەلدىن بۇرۇن
بومبغا يەم بولۇپ، بېۋاق ئۆلۈشكە.

**خەتەرلىك ئۈچ بۇلۇڭ ئارىسىدا بىز،**
**ئۇخلىساق بومبىلار كىرمەكتە چۈشكە.**
**ئويلىماي بالانى تۇغدىرىپ قويۇپ،**
**ئويلىنىپ كىرىشتۇق ئەندى كۆمۈشكە.**

**خەتەرلىك ئۈچ بۇلۇڭ ئارىسىدا بىز،**
**بىر چاغلار تىل كۆيگەن ئۇنى دېيىشكە.**
**سارۆزەك بومبىلار قەبرىستانى بوپ،**
**بىز ھەجەپ گۆركار بوپ قالدۇق نېمىشكە؟!**

**خەتەرلىك ئۈچ بۇلۇڭ ئارىسىدا بىز،**
**شۇڭلاشقا بۇ يەردە قەبرىستان تولا.**
**بومبىنى سىناق قىپ، تەزدۈرۈپ بولدۇق،**
**بۇلبۇللار سايرىماس باغ ـ بوستان تولا.**

**خەتەرلىك ئۈچ بۇلۇڭ ئارىسىدا بىز،**
**قورقۇمىز قاقاھلاپ، قېنىپ كۈلۈشكە،**
**يە يارالغانمۇ بىز ئەجەلدىن بۇرۇن**
**بومبىغا يەم بولۇپ، بېۋاق ئۆلۈشكە.**

**خەتەرلىك ئۈچ بۇلۇڭ ئارىسىدا بىز،**
**ئۇخلىساق بومبىلار كىرمەتە چۈشكە.**
**ئويلىماي بالانى تۇغدىرىپ قويۇپ،**
**ئويلىنىپ كىرىشتۇق ئەندى كۆمۈشكە.**

**خەتەرلىك ئۆچ بۇلۇڭ ئارىسىدا بىز،**
**بىر چاغلار تىل كۆيگەن ئۇنى دېيىشكە.**
**سارائۆزەك بومبىلار قەبرىستانى بوپ،**
**بىز ھەجەپ گۆركار بوپ قالدۇق نېمشكە؟!**

**خەتەرلىك ئۆچ بۇلۇڭ ئارىسىدا بىز،**
**شۇڭلاشقا بۇ يەردە قەبرىستان تولا.**
**تۇۋۋا، دەپ تىنگىرىقسپ ياقا تۇتقىدەك،**
**بار بىزدە بومبىغا قەبرىستان ھەتتا...**

## ئېتىقات قورغىنى

ئېتىقات بولمىسا، ئىمان بولمايدۇ،
ئېتىقات بولمىسا، جاھان بولمايدۇ.
بىر كىشى ئېتىقات قورغىنى بولسا،
دېمىگىن مىڭ كىشى قورغان بولمايدۇ...

ھېلىمۇ يادىمدا، قارا نىيەتلەر،
مېنى زەي زىندانغا قىلىشقان مەھكۇم.
سىرتماق بوپ بوينۇمنى بوغقان تۆھمەتلەر،
سىرتىمدىن "ئۆچلۈك" ئوقۇشقان ھۆكۈم.

ھېلىمۇ يادىمدا، قەلبىمنى تىلغاپ،
نەدىدۇر سايرىغان بىمەھەل ھۇقۇش.
بىر مەھەل قۇلۇپلار سۈرلۈك شاراقلاپ،
تۈرمىگە تاشلانغان بىر مەھبۇس بىھوش.

ئارىدىن ئاي ئۆتتى، ئۇ گەپ قىلمىدى،
سىردىشىپ خەقلەردىن قايتقاندۇر رايى.
مۇڭدىشىپ دەردىنى يە ئۇ دېمىدى،
بىلمىدىم چوڭمىدى شۇنچە گۇنايى.

گاھىدا ئۆلۈشنى قىلاتتۇق ئارزۇ!
گاھىدا كۈن كۆرۈش ئىدى بىر ئارمان.

تومۇزنىڭ تىنجىغى ھەتتا بوغسىمۇ،
ئۇ بىر تال تۆگمىسۇن يەشمەتتى ھامان.

بارماتتى يېلىنىپ ھېچ كىم ئالدىغا،
يۆرەتتى ئۆزىنى ئېلىپ دالدىغا.
ئۇنىڭ بۇ قىلىغى سېلىپ قوياتتى،
ھەر تۆرلۆك ئويلارنى كىشى يادىغا.

بىر كۈنى سورىدىم: ئېيتقىنا، پېتر،
نېمىشكە ئۆزەڭنى چەتكە ئالىسەن.
ئېيتقىنا، بولمىسا ئەگەر ئۇ بىر سىر؟
ئۇ دېدى: بىلىشكە تېخى بالىسەن.

—قانچىلىك ياتسەن كۈن كۆرمەي مۇندا؟
—50 يىل! بۇ ئۆمرۈم بەلكى يەتمەيدۇ!
—50 يىل پۈتۆلگەن قايسى قانۇندا؟
—قانۇن ـ پانۇن دېگەن بىزدە كەتمەيدۇ.

—شۇنچىلا نېمدى سېنىڭ گۇنايىڭ؟
—گۇنايىم بولسىغۇ بۇندا ياتماستىم.
گۇنايىم بولسىغۇ، ئۇنى بىلسەمغۇ،
ئۆز گۆشۈم ئۆزەم يەپ، ئازاپ تارتماستىم.

سەن دەيسەن: ئۆزەڭنى چەتكە ئالسەن،
دەردىمنى دەي دېسەم، تېخى بالسەن.
مېنىڭ بىر دەردىم بار نەدىن بىلسەن؟
دېسەم گاھ ئوتقا، گاھ سۇغا سالسەن.

تۇز سەپتىڭ تاتىلاپ كونا يارامنى،
گىتلېرغۇ كۆيدۈرگەن ئوتتا بالامنى.
ئاڭلىغان بولغىدىڭ بەلكى ئەشۇ كۈن،
زىمىننى باسقان شۇ ئاھۇ ـ نالەمنى.

بىر غېرىچ توپراقنى بەرمەيمىز دېدۇق،
بەش مىللىئون ئەسكەرنى ئەسىرگە بېرىپ...
ئەسىرگە چۈشكەننى خائىن ئاتىدۇق،
ئادەمنى ئۈندۈرۈش مۈمكىندەك تېرىپ.

جەڭچىلەر چېكىنسە سمولېنسكىدىن،
چېكىنمەي قالغاندىم قىساس ئالغىلى.
قەسەمياد قىلغاندىم ستالىن ئۈچۈن،
چېكىنمەي، ئۆلسەم شۇ يەردە قالغىلى.

كۆكسۈمدە بار ئېدى ئۇنىڭ سۈرىتى،
مەن ئۇنى يېڭىندە سىزدۇرغان سانجىپ.
ئۇنىڭسىز كۈن چىقماس، كۈن پاتماس دەتتىم،
بەلكى مەن سىغىنىپ، قالغانمەن ئالجىپ.

جەڭچىلەر چېكىنسە، چېكىنمەي قالدىم،
چېكىنىش —كېچىشقۇ، ئۇنى ھار ئالدىم.
قۇرۇق قول ياۋ بىلەن ئېلىشقان پەيتلەر،
بوينىغا بارمىغىم سىرتماق قىپ سالدىم.

بىر مەھەل قارىسام قالدىم قورشاۋدا،
قۇتقىزىپ قالمىدى ئىشەنگەن تېغىم.
تۇتقۇندا ياتسامۇ ئۇ خىيالىمدا،
راستلا مەن سەل ساراڭ بوپ قالغان چېغىم.

تىكەنلىك سىملاردىن قاچتىم ئىككى رەت.
قولۇمدا يە مىلتىق، كۈرەك يوق ئېدى.
ئىككى كۈن پاتقاقتا پېتىپ ياتسامۇ،
ئۆزەمدىن ئۆزگۈ بىر يۆلەك يوق ئېدى.

ئىككىلا قېتىم ھېچ يولۇم بولمىدى،
شۇندىمۇ تۇماردەك ساقلىدىم ئۇنى.
شۇندىمۇ كۆكسۈمگە قارا لاك سۈرتۈپ،
رەقىپتىن يوشۇرۇپ ياقلىدىم شۇنى.

بىر كۈنى كەلگەن پەيت بىر ئاز مادارغا،
قاچقاندىم تىكەنلىك سىملارنى ئۈزۈپ.
تاشلىسام ئۆزەمنى ئەزىم دەرياغا،
ناتونۇش بىرەۋلەر ئالغاندى سۈزۈپ.

ئۆمرۈمدە شۇ قېتىم يولۇم بولغاندى،
پارتىزان سېپىگە قوشۇلۇپ قالدىم.
دىلىم غەم ـ غۇسسىغا، دەرتكە تولغاندى،
بالامنىڭ قانخوردىن قىساسىن ئالدىم.

تۇيۇقسىز ئورماندىن ئېتىلىپ چىقىپ،
فاشىستىنىڭ يولۋاستەك يولىن توربدىم.
ۋەتەننىڭ تىلسىمات ئورمانلىرىنى
ياۋ ئەمەس شۇ يىللار مەنمۇ سورىدىم.

رېيخستاگ ئۈستىگە بايراق قادىلىپ،
غەلىبىنىڭ ئۇرراسى تېخى پۈتمەستىن،
كۆتەرگەن قولۇمغا كويزا سېلىندى،
غەلبىدىن تېخى بىر ھەپتە ئۆتمەستىن.

"سەن ۋەتەن ساتقۇنى ئەسرگە چۈشكەن،
قانداق ساق قالدىڭ؟ دەپ قىيىندى ئۇرۇپ.
مەن قانداق ئېلىمنىڭ خائىنى بولاي،
قېنىمدىن بويالغان قوش ئوردېن تۇرۇپ.

"خائىن!" —دەپ كېسىشتى 25 يىل!
ھۆكمىنى ئوقىدى ھەربىي تربىۇنال.
يۈرىگىم سىقىلىپ، يىقىلدىم دەرھال،
كىشىمۇ يوق ئېدى دەيدىغان ئۇگال.

مەن بېھوش ياتقاندا مەيدەمنى تۇتۇپ،
شۇندىمۇ سۇدЬيا قلپتۇ گۇمان.
كۆكسۈمگە نېمدۇر سۈركشپ يۇيۇپ،
رەسمنى كۆرۈشۈپ بولۇپتۇ ھەيران.

يەتمەستن بەختمنى قارا قلغنى،
يەتمەستن قەلبمنى يارا قلغنى،
"ئالدامچى خائن!" دەپ، مەسقرە قلپ،
جاندىن جاق تويدۇردى يالا قلغنى.

مەن ئۇنى كۆكسۈمدە ساقلغان ئېدىم،
ئۇنڭغا زور ئېدى قەلبمدە ئخلاس.
مەن جەڭگە كرگەندىم ستالن ئۈچۈن،
ئوغلۇمچۈن ئالغاندىم دۈشمەندىن قساس.

ھېچ سرنى بلەلمەي قالغاچقا داغدا،
تۈنلرى ساراڭدەك سۆزلەپ كېتمەن.
خەلقلەر ئاتسى تۇرغاندا ھاغدا،
ئۇنڭغا دەرت ئېيتماي، كمگە ئېيتمەن.

قانچە رەت خەت ئلە ئېيتسام ھالمنى،
بر نوۋەت بر ئلك يازمدى جاۋاپ.
ئاڭلاشقا كشى يوق ئېدى نالمنى،
شۇڭلاشقا كۆيدۈم زىق، كۆيدۈم بوپ كاۋاپ.

تۆرمىدىن قاچقاندىم يېرىم تۈن چېغى،
ئاچ قوساق يول ئالدىم موسكۋا تامان.
مەن ئۇنىڭ غېمىنى قىلالتتىم تېخى،
دەردىمنى دېگىچە بولسا دەپ ئامان.

پىيادە يول بېسىپ، ئۇخلاپ قاپتىمەن،
ئوخانسام بېشىمدا تۇراتتى ساقچى.
دەس تۇرۇپ قۇرالىن يۇلۇپ ئاپتىمەن،
ئۆزەمنى شۇ هامان بولۇپ ئاتماقچى.

يەنە سوت باشلاندى يەنە شۇ سوراق:
—راستىڭ ئېيت، بولغاندىڭ نەگە قاچماقچى؟
—بولغاندىم دەردىمنى ستالىنغا دەپ،
بۇ سىرلىق سوتلارنىڭ سىرىن ئاچماقچى.

—سەن ۋەتەن خائىنى تۇرساڭ، بىلمەمدۇ،
بىلمەمدۇ كىملىگىڭ ئۇ دانا داهى.
—بىلمەيدۇ، بىلسە گەر خائىن دېمەيدۇ.
بىلمەيدۇ يوقسىزنىڭ پۇشتۇ پاناهى.

—كىملىگىڭ بىلىدۇ، بىلمەيدۇ دېمە،
مانا بۇ هۆكۈمدە ئۇنىڭ قولى بار...
ئۇخلىسام چۈشۈمدە ئويلىمىغاندىم،
ستالىن بىلىشىن زىنهارۇ زىنهار.

بۇنچىلا تەلىيىم تەتۈر بولارمۇ ،
مەن ئۇندىن دەردىمگە سورىسام داۋا ،
مەن ئاڭا ئىشەنسەم ، ئۇ ئىشەنمەستىن ،
ماڭا زەي زىنداننى كۆرۈپتۇ راۋا .

مەن ساڭا ئېيتماستىن كىمگىمۇ ئېيتاي ،
50 يىل دېگەنگە ئۆمرۈم يەتمەيدۇ .
ئىشەنگەن تاغلاردا كېيىك ياتمىسا ،
دەرت ـ ئەلەم بۇ باشتىن نېرى كەتمەيدۇ .

ئەندى مەن كىمگىمۇ قىلىمەن داۋا ،
ئەندى مەن دەردىمنى كىمگىمۇ ئېيتاي .
شۇنچە يىل سىغىنىپ ئۆتتى بۇ ئۆمرۈم ،
مەن ئىخلاس ساقلىغان كۆكسۈمنى تىتاي .

مەن خەلقىم دېگەچكە —خەلق دۈشمىنى ،
مەن ۋەتەن دېگەچكە —ۋەتەن مەلئۇنى .
بىر ئىشنى چۈشىنەدىم ئۇشبۇ ھالىمدىن ،
مەن بولدۇم ئېتىقات ، ئىشەنچ قۇرۇۋنى .

شۇنچە يىل كۆكسۈمدە ساقلاپ مەن ئۇنى ،
كۆتىرىپ يۈرۈپتىمەن ئۆز جاللىتىمنى .
مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلدىن چۈشەرمەي ،
ئۇنتۇشقا ئاز قالغان ئۆزەم ئېتىمنى .

بۇرۇنغۇ فاشىستتىن يوشۇردۇم ئۇنى،
ئەندىزە دوستلاردىن يۈردۈم يوشۇرۇپ.
گەر ئۇنى كۆكسۈمدە كۆرۈپ قالسىچۇ،
تېرەمنى سويدۇرار ئېدى تىك تۇرۇپ.

تۈرمىدە ئۇنىڭدىن ئازار يېمىگەن،
قاھابەت دېمىگەن كىشى يوق ئېدى.
گۇناسىز ئادەمنى قامىغان بىلەن
گۇناكار بىلەن ھېچ ئىشى يوق ئېدى..."

راست ئۇنىڭ ھۆكۈمدە قولى بار ئېدى،
شۇڭلاشقا بويىندا قانلىق قەرزى بار.
ئاتىلار مېھرىگە قانمىغانلارنىڭ
ئۇنىڭغا ئېيتائوماي قالغان ئەرزى بار.

راست ئۇنىڭ قولى بار، ئېسىل پەرزەنتلەر
غايىپ بولۇشىدا ئۇنىڭ قولى بار.
گەر ئەرىك سورىسا، ئاسماندا تۇرۇپ،
كۆكتىن غۇلىشىدا شۇنىڭ قولى بار.

راست ئۇنىڭ قولى بار، ھۆرلۈك دېگەنگە
ئورا قولىشىدا ئۇنىڭ قولى بار.
ئەرىك دەر يەر يېرىپ چىققان غۇنچىنىڭ
بېۋاق سولىشىدا ئۇنى قولى بار.

تالاينىڭ تەغدىرىن تەتۈر يەشكەن ئۇ،
بوققىلى بوينىغا سىرتماق ئەشكەن ئۇ.
ئازاتلىق ئادەمنىڭ بەختى دەپ قويۇپ،
ئەھتىدىن تانغان ئۇ، تالاي كەشكەن ئۇ.

راست ئۇنىڭ قولى بار! ئۇنىڭ قولىدا،
ئۆلگەنىنىڭ هازىرچە هېساۋى يوقتۇر.
بىر ئاڭا سىغىنىپ سەجدە قىلغانغا،
50 يىل بېرىشسە، ئىنساۋى يوقتۇر.

50 يىل يېتىشقا يەتمەيتى ئۆمرى،
50 يىل ياشاشقا يەتمەتتى تاقەت.
ئۇ ئەندى ئۆلۈمنى قىلاتتى ئارزۇ،
يەتمەمدۇ بولغىنى شۇنچە هاماقەت.

نەدىندۇر پىچاق ئېپ، ئۆز قولى بىلەن
كۆكسىنىڭ بىر قەۋەت تېرىسىن تىلدى.
ياشاشتىن ئۆلۈمنى كۆردىمۇ ئەۋزەل،
يۈرەككە سىزىلغان سۈرەتنى شىلدى.

تېرىسىن تىلماقلىق ئوڭاي گەپ ئەمەس،
نەپرەتنى تاشقانىنىڭ ئالامىتى ئۇ.
قان شىرغىپ ئاقسىمۇ، ئاما دات دېمەس،
بۇ باتۇر ئوغلانىنىڭ كارامىتى بۇ.

دەرغەزەپ كۆزىدىن چاقناپكەتتى ئوت،
ئۇ ھۆكۈم ئوقىدى ئۆزىچە بوپ سوت:
"سەن داھى ئەمەسسەن، سەن جاللات! دېدى،
سەن مېنىڭ ئۆمرۈمنى قىيغان بىر قۇرۇت..."

شۇ ھازا جاللاتقا جازا بەرمەك بوپ،
ئۇنىڭ نەق كۆكسگە پىچاق سانچىدى.
قان شىرغىپ ئاققاندا يەرگە تامچىلاپ،
پۇغانلىق ئۇھ تارتىپ، غۇلاپ تىنچىدى.

رەقىبىن ئۆلتۈرۈپ، ئۆلگىنى ئۆچۈن،
يە پۇشمان يېمىدى، يە دات دېمىدى.
ئۇ تېخى غۇنچىدى، ئېچىلماي سولدى،
بىلمىدىم گۇناسى زادى نېمىدى؟!

گۇناكار ھاياتنىڭ لەززىتىن كۆرۈپ،
گۇناسىز تۈرمىدە ياتسا مەيلىمۇ؟
ھاراملار ئاھ، كەيپە ـ ساپاسىن سۈرۈپ،
ھالاللار بار دەرتنى تارتسا مەيلىمۇ؟

تىرىشىپ، تىرمىشىپ، كەتمەن چېپىشىپ،
قانچىلەر ئالەمدىن ئۆتۈپ كېتىشتى.
شۇنچە يىل كۈرىشىپ، بىرەر خولۇقنى
قانچىلەر كۆرەلمەي، كۈتۈپ كېتىشتى.

ئۇغۇ راست، ئېتىقات قۇرۋىنى بولدى،
ئېتىقات بولمىسا جاھان بولمايدۇ.
ئېتىقات پۈتكەن كۈن بولار قىيامەت،
كىم دەيدۇ ئاخىرقى زامان بولمايدۇ.

ئۇغۇ راست، ئېتىقات قۇرۋىنى بولدى،
ئېتىقات بولمىسا، ئىمان بولمايدۇ.
ئىنساندا ئېتىقات، ئىمان بولمىسا،
ئۇ چاغدا بۇ جاھان جاھان بولمايدۇ...

## ھېساپلىق دۇنيا

"كاردىن چىققان ھەر ئىككى بۆرەك! —
دېدىڭ، —ئوپېراЦئىيا كېرەك..."
شۇ دېگىنىڭ راست بولسا، دوختۇر،
يېرىلىمامدۇ ھەتتا قوش يۈرەك،
ئامال يوقمۇ، ئېيتقىنا، بۆلەك؟

بارئى يوقى ئىككى تال بۆرەك،
ئىككىلىسى كاردىن چىقىپتۇ!
شۇ دېگىنىڭ راست بولسا، دوختۇر،
تەغدىر ماڭا تەتۈر بېقىپتۇ،
بار بەختىمگە ئاتەش يېقىپتۇ.

شۇ دېگىنىڭ راست بولسا، دوختۇر،
ئېيتمىغانىدىڭ بۇرۇن نېمىشكە؟
تۇغۇلغاندىن بېرى يېنىمدا،
بولماسمىدى ئۇنى بىلىشكە،
بارمىدىمۇ يە تىل دېيىشكە؟
نىجات ئىزدەپ، تەلمۈرسەم ساڭا،
يەرگە باقتىڭ ئىزدەپ بىر چارە.
يە سالغىنى بولمىسا بۆرەك،
يە ئالغىنى ئۇنى ئىجارە،
ئاھ، ئادەملەر قانچە بىچارە!..

داۋاسىز دەرت بولسا دۇنيادا،
بولمىسا گەر ئۇنىڭ چارىسى.
ياشاشتا نە مەنا بار، ئۆلۈم —
قاش ـ كىرپىكنىڭ بولسا ئارىسى.
داۋاسىز دەرت دەۋىر يارىسى...

تۇغۇلغاندىن بېرى بالامنىڭ
دورىدىن ھېچ خالىمەس ئېشى.
بولالمىدى رەنجىگە شىپا،
ئانىسىنىڭ يە شورلۇق يېشى،
ئۇ قىزىمنىڭ ئېدى سىردىشى.

ئەل ئالدىدا بار بولسا باردۇر،
بەلكى مېنىڭ قىلغان گۇنايىم.
ئۇ گۇنا قىپ ئۈلگىرمىگەنغۇ،
شۇنچە خۇشخوي، شۇنچە مۇنايىم،
نېچۈك باشتىن كەتمەس بۇ ۋايىم؟

مەن دۇنيانى كۆردۈم، ئۇ تېخى
ئۈلگەرمىگەن ئۇنى كۆرۈشكە.
مەن دۇنيانى كەزدىم، ئۇ تېخى
ئۈلگەرمىگەن يۈگرەپ يۈرۈشكە،
بۇ دەرت نەدىن كەلدى، نېمىشكە؟

يارىلىشتا يە مەن يىڭىلىپ،
ئۆتكەزدىممۇ يە بىر خاتالىق.
يە سىخى دەپ يۈرگەن تەبىئەت،
بالام ئۆچۈن قىلدىمۇ تارلىق،
گۇنا كىمگە بىلمىدىم تالىق.

گەر دوست بولساڭ، ئېيتقىنا دېسەم،
دېدىڭ: "دورا بېرىپ بولمايدۇ".
تومۇرى تار، كېسىپ ئۇلايمەن،
بۆرەككە تىغ سىلىپ بولمايدۇ،
يىڭنە بىلەن ئىلىپ بولمايدۇ..."

تەنها ئېدىم، شۇ چاغ غېمىمگە،
سەندىن ئۆزگە يوق ئېدى شېرىك.
ئامالىم يوق كۆڭۈلۈم گېپىڭگە،
بەختىم بولسا، قالار دەپ تىرىك،
ئامما قەلبىم كۆيدى بوپ پىلىك.

خاس بۆلىمگە ماڭغاندا بالام،
"دادا!" دېدى كۆزلىرى لىق ياش.
قاراڭغۇلۇق باستى زىمىننى،
كۆرۈنگەندى كۆيگەندەك قۇياش،
"دادا!" دېدى، پۈتتى بار بەرداش.

"دادا!" دېدى، مەيۈس ئۈمچىيىپ،
ئۇ دېگەندەك بولدى ئۆتۈنۈپ:
"ئۆز قولۇڭدا رازىلىق بېرىپ،
داغدا قالما، دادا، ئۆكۈنۈپ!
"دادا" دېدى، كۆيدۈم ئۆرتىنىپ.

دېرىزىگە تۇرسام تەلمۈرۈپ،
ھەدەپ ماڭا يىغا ياماشتى.
كىملەرنىدۇ قارغاپ شۇ مىنۇت،
كىملەرگىدۇ غەزىۋىم تاشتى،
بەلكى ئەقلىم شۇ پەيت ئاداشتى.

كىرپىك قاقماي، تۇردۇم تەلمۈرۈپ،
دۇنيا ئەمەس، شىپالىق تىلەپ.
شۇ چاغ دوختۇر ئوغلۇمغا ئەمەس،
ماڭا پىچاق تۇرغاندەك بىلەپ،
مەن تۇراتتىم لېۋىمنى چىشلەپ.

تومۇز ئېدى، تېنىم تىترىدى،
بولدى مېنى قارا باسقاندەك.
تېنىم تامدەك تاتارغان ئېدى،
خۇددى بىرى دارغا ئاسقاندەك،
گويا مېنى قارا باسقاندەك.

ئاڭلانمايدۇ ئاچچىق يىغىسى،
يا تېلىقىپ ئۈنى پۈتتىمۇ.
ئۇنىڭ ھايات بېغىنى بېۋاق،
ياكى ئۈششۈك ئۇرۇپ ئۆتتىمۇ،
ياكى مېنى بېھوش كۈتتىمۇ؟

ئاڭلالماستىن ئۇنىڭ ئۈنىنى،
دىدارىغا بولسام ئىنتىزار،
قوغلىسىمۇ كەتمەي ئىشىكتىن،
ئانا تۇرار بىر كۆرۈشكە زار،
بويۇن قىسىپ، مىسكىن غەمگۈزار.

ئاق سۈت بەرگەن شۇ مۇشپىق ئانا،
بۆرىگىنى ئاياپ تۇرماستى.
گەر سورىساڭ، بۆرىگى تۈگۈل
يۈرىگىنى ئاياپ تۇرماستى،
ئالساڭ بۇنچە پەرىيات ئۇرماستى.

بەلكى رەھىمىڭ كەلدى بالىغا،
بەلكى يېتەي دېدىڭ ھالىغا.
شۇ دېگىنىڭ راست بولسا، دوختۇر،
قۇلاق سالغىن قەلبىم نالىغا،
قالما يەنە سەن ئۇگالىغا.

يۇرىگىمگە قۇلاق سال، دوختۇر،
غەم، تەشۋىشتە تىنماي سوقۇدۇ.
تىغسىز داۋالىساڭ دەردىنى
ياخشىلىقنى بالام ئۇقۇدۇ،
قولۇڭدا تىغ كۆرسە قورقىدۇ.

تىغ سالماسىنىڭ يوقمۇ ئىلاجى
دېسەم، يوق دەپ ئېيتتىڭ نېمىشكە،
چارىسى يوق ئىش يوق جاھاندا،
باش قاتۇرساڭ ئۇنى بىلىشكە،
تىلىم بارماي تۇرار دېيىشكە...

قانداق قولۇڭ باردى بىلمىدىم،
ئاپپاق، پاخلان تېنىن تىلىشقا.
يە ۋىيدانىڭ، يە نومۇس ـ ئارىڭ
قىستىدىمۇ شۇنداق قىلىشقا،
خۇشتارمەستىڭ سەن ئەن سېلىشقا.

ئامالسىز تىغ سالدىڭ تېنىگە،
خىيالىڭدا مېنى ساق دەمسەن.
بېشىدا تىك تۇرغان ئانىنىڭ
چېچىدىكى بېكار ئاق دەمسەن،
يە گۇناغا تەڭ ئوتاق دەمسەن.

ئاچچىق تولغاق ئازاۋىن تارتىپ،
كۆڭلى ئەندى تاپقاندا ئىمىن،
يان ـ يېنىدا كۆرۈپ قوش ـ گېزەك،
تولتۇرغاندا كۆڭلىنىڭ كېمىن،
شاتلىغىغا تار كەلگەن زىمىن.

تىل تەگدىمۇ، تەگدىمۇ يە كۆز،
باستى شاتلىق ئورنىنى بۇ غەم.
نەۋ باھاردا باشلاندى ئاياز،
ھەممىدىن ھەم قىلدى بۇ ئەلەم،
شاتلىق، غەمگە گېزەككەن ئالەم.

بەلكى يۇمران تەننى تىلدى تىغ
دېسەم، تومۇزدا تېنىم توڭلايدۇ.
غەمگە قالغان ئەزىز بېشىمنى
ئۇ ئوڭلىماي، كىممۇ ئوڭلايدۇ،
ئوڭلىمىسا كىمدۇ ئوڭلايدۇ...

مەن ھەيرانمەن، تارىدەك تومۇرنى
قانداقلارچە كېسىپ ئۈلايدۇ؟
تەلىيىمگە سۈرسە ئۆمۈرنى،
بەلكى چوڭ بوپ بىر يۇت سورايدۇ،
سوئال سوراپ يولۇم تورايدۇ.

تار تومۇرغا تومۇر ئۇلانسا،
دېمەك، مېنىڭ تېخى بەختىم بار.
بالام يەنە يەر دەسسەپ ماڭسا،
شەپقىتىڭدىن تېپىپ ئۇ مادار،
مەن بىر ئۆمۈر بولاي قەرزىدار.

سەن تىغ سالدىڭ بالام تېنىگە،
دېرىزىگە تەلمۈرتۈپ قويۇپ.
ئۆپكەم ئۆرلەپ، دېمىم سىقىلدى،
بىر تەشۋىشنى يۈرىگىم تۇيۇپ،
قالغان ئېدىم دۇنيادىن تويۇپ.

دەردى يوققۇ كىشى بولمايدۇ،
يەنە غەمگە بولدۇم مۇپتىلا.
تىغ تېگىدە ياتسا پەرزەندىڭ،
دەيدىغان گەپ ئەمەس بوپتىلا،
بۇ يۈرەككە تۇتاش ئۇ بالا!

غېمى كۆپتۇر ئاتوم دەۋرىنىڭ،
دەردى تولا، تەشۋىشلىك هالى.
يۈرەك ئالدى بولۇپ ياشايمەن،
تۇتمىسۇن دەپ خەقنىڭ ئۇگالى،
دۇنيا قىساستىن ئەمەستۇر خالى.

شۈكرى بالام ماڭدى يەر دەسسەپ،
سەن باشقىدىن ئەتا قىلدىڭ جان!
ئاھ، كۆزۈمنىڭ ئاقۇ ـ قارىسى —
دىل پارىسى بوپ قالدى نىمجان،
ئەمەستىغۇ بەش كۈنلۈك جاھان!

تىغسىز داۋا يوق بولسا كاشكى،
كېسەل كېپىك يالار مومىيا.
داۋاسىز دەرت بولمايدۇ، دوختۇر،
مىڭ بىر دەرتكە داۋا گۈل ـ گىيا،
بۇ دۇنياچۇ —ھېساپلىق دۇنيا!..

تىغسىز داۋا يوق بولسا كاشكى،
دەرتكە تىغسىز تاپساڭ گەر داۋا،
گۈل تۇتىدۇ دوقمۇش ـ دوقمۇشتا
ئاق چاچ ئانا، مەسۇم ھەر بالا،
ساڭا شۆھرەت شۇ چاغدا راۋا...

## ئۆتنە ئالەم

بىراۋنىڭ بىراۋدا قالمىغاي ھەققى،
بۇ ئۆزۈن ئالەم بۇ ـ بۇ ئۆتنە ئالەم.
ھەقىقەت شۇنداقكەن، نەچۈك قەست قىلىپ،
نېمانچە ھاماقەت بولىدۇ ئادەم؟
بۇ قانىسىز پاجىئە، بۇ دەرت، بۇ ئالەم.

بۇمۇ بىر دەرت دىسە، بۇ بېداۋا دەرت،
بۇ دەرتنىڭ دەردى بار، داۋاسى يوقتۇر.
ئادەمدە ئادەمگە ۋاپا بولمىسا،
بېۋاپا ئالەمنىڭ ۋاپاسى يوقتۇر،
جاھاننىڭ دېمىگىن جاپاسى يوقتۇر.

زېمىندە قانچىلىك ئادەم ياشىسا،
شۇنچىلىك ئادەملەر بولدى قۇربانى.
بولمىسا ئىنسانلار ئىلكىدە ئەمەس،
ھەر ئالغان ناپەسنى چىقارماق ئانى،
بولمىسا ئۆلمەستى جاھان خاقانى.

ھەقىقەت شۇنداقكەن، نېچۈك پەي قىيىپ،
نېمانچە پاي ـ پېتەك بولىدۇ ئىنسان.
بولمىسا ئالالاي جاننى ئىجارە،

تاپالماي ئەجەلگە بىر چارە سەرسان،
بولمسا ئادەملەر ئالەمگە مېھمان.

ھەر كىشى ئۆزىنى مازا سانايدۇ،
ھەر كىشى شۆھرىتتىن بولمايدۇ خالى.
بىلمىدىم بارمېكىن بۇ ئالەم ئارا،
بىلمىدىم، بۇ دەرتنىڭ بىرەر ئامالى،
كۆپلەرنىڭ شۆھرەتتە پەقەت زاۋالى.

***

ئۇيغۇرغا قىيپاش بوپ چىققاندا قۇياش،
ئون توققۇز يېرىمدىن ئاشقاندا ئەسىر،
ئاتىنىڭ قىساسىن ئالماق مىنەل ھەق،
بۇزرۇقخان ئۆچ ئېلىپ، قۇرغاندى قەسىر،
سېخىرلىق تارىخقا پۈتۈلدى بۇ سىر.

يەتتىشەر ھۆكمگە سالسىمۇ قۇلاق،
خان تىللا تەختىدە سۈرەتتى خىيال.
تۇرسىمۇ پەگادا ـ زىلچە گىلەمدە،
سەركەردە ياقۇپبەگ تىزىن پۈكۈپ لال،
ئويلاتتى ئۆزىن كۈن، خاننى دەپ ھىلال.

بىر كۈنى ئۇن قاتتى سوراپ ئىجازەت:

"تاقابىل كەلگىدەك كۆچ يوق ئىمانغا.
تۇرغاندا زەر ئالماس قىلىچ قىنىدا،
ھەج قىلماق مۇناسىپ سىزدەك خاقانغا،
نامىڭىز يېيىلغاي جىمى جاھانغا".

كۆڭۆلگە پۆكۆلگەن ئاززۇ شۇ ئېدى،
شۇ دىلىدا ئۇزۇندىن ئارمان.
ئۇينى تاپقاچقا "تون يېپىڭلار!" دەپ،
شۇ ھامان قىلغاندى شاھانە پەرمان،
تاپقاندەك يۈز يىللىق دەرتكە ئۇ دەرمان.

ھەر ئادەم بىر ئارمان بىلەن ياشايدۇ،
شۇ ئارمان باشلىدى خاننى سەپەرگە.
سېخىرلىق بۇ ئالەم ئارا بىر سىر بار،
بىر نوۋەت كېلىدۇ ئامەتمۇ ئەرگە،
قولۇڭدا مىس بولسا ئايلىنار زەرگە.

ياقۇپبەك زىلچىدىن سېلىپ پاياندار،
ئۆزىنى خانغا خاس مۇرىد چاغلىدى.
باش ئېگىپ، يوللۇغۇم بولسۇن دەپ، بەلگە
ئالتۇندىن سوقۇلغان كەمەر باغلىدى،
كېزىگە ياش ئېلىپ، چىلك قۇچاقلىدى.

شامغىچە ئەگىشىپ ماڭدى بوتىدەك،

شۇنچىلا زورمىدى يە خانغا ئىخلاس.
باش ئېگىپ تۇراتتى ھەكىمگە قۇلدەك،
بۇنچىلا ئېقىدە يالغانمۇ يە راس،
ياكى شۇ تاجۇ ـ تەخت قالغايمۇ مىراس.

بىر كوزا مۇسەللەس سۇرغاندى يولغا،
دەپ خانغا "مىڭ يىللىق دەرتكە بۇ داۋا.
ئىچكەيسىز پەقىرنى ياد ئېتىپ پەقەت،
ئىچكەيسىز تەشنالىق باسقان بىر چاغدا،
ئىچكەيسىز، ئىچمىگەن قالغاي بىر داغدا".

خوشلاشتى جىگەر رەڭ باشلانغاندا قۇم،
خوشلاشتى قۇچاقلاپ تۇرۇپ مۇرنى.
ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەندە،
تالىشىپ ئاۋارە بولۇپ تۆرنى،
سەزمەيدۇ قازغىنىن ئۆزى گۆرنى.

ئادەملەر ئەسلىدە خام سۈت ئەمگەندە،
شۇڭا بىر ئىللەتتىن بولمايدۇ خالى.
ئەزەلدىن ئەبەتكە ھايات ھۆكمى شۇ:
تۇتىدۇ بىرەۋگە قىلغان ئۇگالى،
بولمىسا چاغلىقتىجاھاننىڭ قارى.

تاڭ سەھەر ئولتاردى بەگ تىللا تەختتە،
تەختىلا كىرپىگىن ئىلدى بىر ھازا.
يە كۆڭلى تارتماستى بىر پىيالە مەي،
تارماستى ياكى قىز، قىمىز يە غىزا،
كىمنىدۇ كۈتەتتى بولۇپ تەقەززا.

كىمگىدۇ سىغىنىپ، قىلاتتى دۇئا،
كىمگىدۇ تىلەتتى كىمدىنىدۇ نىجات.
ئۇ تەھتتە تالتىيىپ ئولتارغان بىلەن
كىمگىدۇ يۆلىنىپ، قىلار مۇناجات،
شاھ بىلەن گاداغا باقمىغاچ ھايات.

خۇپتەندە "خان ئۆلدى!" دەپ كەلدى خەۋەر،
شۇ ھازا ئىچىلدى ئوردىلا ھازا.
شۇ ھازا كىسىلدى خەۋەرچى تىلى،
ھەيرانمەن ئاردىدا بارمىدى نىزا،
ياقۇپبەگ شۇنچىلا ئىدىمۇ بىزا.

بولمىسا ئىككىسى نان تۇتۇپ تۇرۇپ،
نىملەر دىمىگەن شۇ خالى يەردە.
بەگ بەرگەن مۇسەللەس سۇنۇلسا خانغا،
ۋەزىرلىك ئورنىنى قىلغانغۇ ۋەدە،
ھەجەپ، ئۇ ۋەدىلەر قالدىكىن نەدە.

بەلكى سر ئپيتمسۇن دەپ كەستى تىلن،
بەلكى بار بولغىدى ۋەدىدە جالق.
كىمگىمۇ داد ئپيتسپ، قىلسۇن ئۇ داۋا،
ئەسلى بۇ قىلمشقا شۇ جازا لايق،
ئاڭلسا "تاش ـ بوران" قىلار خالايق.

ئۇ سۇنۇپ مۇسەللەس، ئۆلتۆرگەن تۇرۇپ،
يالۋۇرسا، كىم يەتكەي ئۇنىڭ هالغا،
ئپيتالماي دەردنى، بوزلار بوتىدەك،
ئپيتالماي ئۇ قوشۇپ بەرگىنن ئوغا،
ئپيتالماي قالغىنن ئۇ ئۇگالغا.

يەتتە كۆن هازىدا بەل باغلىدى بەگ،
يەتتە تۆن ئۆيقىدىن قاچتى ئارامى.
بۇ دۇنيا ئەسلدە شۇنداق دۇنياكەن،
قاتلىنىڭ رەهمدىل چىقاركەن نامى،
بۇ هەجەپ، خانغا بار ئپكەن هامى...

***

خانغا خيانەت قلغا شۇ مۇرتەد
بەدپلەت تەختنى ئەگيتتى سادەك.
بولمسا كۆرۆشكە يوق ئپدى تاقەت،
شۇندىمۇ ئۇنىڭدا ئەڭگۆشتەر باردەك

**كىمگىدۇ بەتلىنىپ تۇرار ئوقيادەك.**

**بىرەۋگە ئېيتقان سىر ـ ئەسلى سىر ئەمەس،**
**بۇ سىردىن رەقىپلەر بولغاندى ۋاقىپ.**
**بەللىشىپ بەگنى ھېچ يېگەلمگەن ياۋ،**
**مۇرتەتكە ئېگىلدى قەددىنى يا قىپ،**
**خانلىققا پاتىھە بەردى دۇئا قىپ...**

**قېنىغا ساتقۇنلۇق سىڭگەن شۇ مەلЬئۇن**
**خان بولۇش ئويىدا يۈردى پەيت پايلاپ.**
**بەگ سوراق ۋاقتىدا تەشنالىق بېسىپ،**
**سوراق چاي سورىشىن كۈتتى ئايلاپ.**
**يېگىچە بىر ئوچۇم ئوگىنى جايلاپ.**

**بىر كۈنى ئۇسۇلۇق سورىدى سەركەر،**
**بىر ھېجىر مۇزدەك چاي سۇندى شۇ مىنۇت.**
**بىر يۇتۇم قالغاندا غۇلىدى تەختتىن،**
**غەزەپكار كۆزىدىن يېنىپ كەتتى ئوت،**
**يەتتىشەر يەلكىسىن باستى چوڭ تاۋۇت.**

**يەتتىسى ئۆتمەستىن، ھازا پۈتمەستىن،**
**ئەرىككە ئالايغان ياۋلار كېلىشتى.**
**بۇ قۇتلۇق زىمىننى قانغا پاتۇرۇپ،**
**قامچىلاپ ھەتتاقى يەرنى تىلىشتى،**

سەركەرنٮڭ مۇردٮسن سوراق قٮلشتى.

چٻپىلدى بوۋايدٮن تا بوۋاققچە،
بٮر كۆنى قارشى تٮغ كۆتەرمسۇن دەپ.
گۆلستان ماكاننى قٮلدى گۆرستان،
تاماگەر بٮر خائٮن خان بولمەن دەپ،
بۇ ئەلدٮن كەتمدى بۇ سەۋدا ھەجەپ.

بٻگۇناھ قان تٻخى سٮنٮپ پۆتمەستٮن،
شۇ ساتقۇن يادٮغا سالدى ئەھتٮنى.
شۇنچٮمۇ ھاماقەت بولامدۇ ئادەم،
خيائٮنلٮق يولٮدٮن ئٮزدەپ بەختٮنى،
بٻرەمدۇ ياۋ تارتسٮپ ئالغان تەختٮنى.

بٻگۇناھ قان تٻخى سٮگٮپ پۆتمەستٮن،
تٻخى قان قٮلچٮنٮڭ بٮسى سوۋۇماي.
"سەن دوستقا قولغان چوڭقۇر ئورنى،
جاھاندٮن ئٻتەمسەن ماڭا كولماي؟! ـ
دەپ جاڭجۆن ھٮجايدى، ھالٮن سورٮماي.

ئوغلانلار قٻلشتى جەڭ مەيداندا،
كۆكسنى قٮلشتى قٮلچقا قالقان.
مەن مۇنداق ئەرلەرنى كۆرمگەن ئەسلا،
بولامسەن تۇل قالغان خوتۇنلارغا خان؟

ساڭا كۆن كۆرۆشنى ئاتا قلدى خان!"

پەگادا ئولترىپ تۇنجۇقتى مەلЬئۇن،
ئۇنڭغا تاجۇ ـ تەخت بولمدى نەسپ.
ياۋ ئەزى بەختنڭ گاداسى تۇرسا،
بر جەننەت ماكانئى ئالسۇنۇ بېسپ،
بېرەمتى تېپپالغان بەختنى كېسپ.

باسقۇنچى بەختيار قلالماس ئەسلا،
ئۇ ئۆزى بەختكە بر ئۆمۆر مۇھتاج.
برەۋنى بەختيار قلدۇ قانداق،
بېگۇناه قانلاردن باشقا كيىسه تاج.
ۋاقتلق شان ـ شۆھرەت —ئالدامچى مراج.

خائنغا ئەجەلدن بۇرۇن ئەلۆش خاس،
شۇڭلاشقا كەڭ زمن ئاڭا بولدى تار.
شۇڭلاشقا يول ئالدى ئۇ مەككە تامان،
بېدارلق دەردگە بولۇپ گرىپتار.
/خائنلار بۇ دەرتنى ئۆلگچە تاتار/.

بەلكى ئۇ ئويلايدۇ كەبگە بېرىپ،
كەچۆرۆم سورسا، كەچۆرگەي خۇدا.
بەلكى ئۇ ئويلماس كەچۆرمگەن دەپ،
خائنلار دەستدن بولغانلار جۇدا.

ھېلىمۇ يادىمدا شۇ ئاچچىق سەۋدا.

تەشنالىق دەردىدە قالدى لەۋ تامشىپ،
چارى ياق بىپايان كۆيگەن قىزىل قۇم.
چىنقى چۈش، ئۆركەشلەر ئالدامچى سەراپ،
يەرۇ ـ كۆك قىزغىنار سۈيىن بىر يۇتۇم،
تەشنالىق دەردىدە بوغۇلار ھەلقۇم.

تونۇرنىڭ تەپتىدەك ھۆپۆلدەتتى چۆل،
قۇدۇقلا يېتەلمەي، پۈتكەندى دەرمان.
چىڭقى چۈش، لەۋ يالاپ، چاكىلداتتى ئۇ،
بىشىغا چىققاندى تاما، شۇم ئارمان،
ھەر كىمنىڭ پەيلىگە يارىشا زامان...

بۇ ئۇزۇن ئالەم بۇ —بۇ ئۆتنە ئالەم،
ئۇ بىلمەس چيانى ياتقىنىن بىسىپ.
ئۆزگىگە خىلۋەتتە كولانغان ئورا،
ئۇ بىلمەس ئۆزىگە بولۇشىن نېسىپ،
ئۇ ياتار تەشنالىق سىرتماق بوپ قىسىپ.

ئۇ ياتار تۆگىلىنىپ، سۇغا بوپ تەشنا،
ئۇ ياتار ئۆمۈلەپ ھەتتا يۈرەلمەي.
بىر تامچا "سۇ" باردى ئۆزۈك كۆزىدە،
شۇندىن كۆز ئۈزەلمەي، شۇنى ئىچەلمەي،

ئۇ ياتار يە شېرىن جاندىن كېچەلمەي.

ئۆزۈكنى چىشلىدى، تامچا سۈيۈقلۇق
شۇ ھازا ۋۇجۇدىن مۇزدەك قاتۇردى.
دۇنياغا تويمىغان ئۇنىڭ كۆزىگە
قۇمايلار چوقۇشۇپ، تۇمشۇق پاتۇردى،
خائىنلىق توپراققا زار قىپ قاتۇردى.

بۇ ئۇزۇن ئالەم بۇ —بۇ ئۆتنە ئالەم،
بۇ دۇنيا ئەسلىدە ھېساپلىق دۇنيا.
بىرەۋنىڭ قالمىغاي بىرەۋدە ھەققى،
ھەقىقەت دېگەن ئۇ —ناياپ موميا،
ھەقىقەت زۇلمەتنى يارغان —نۇر-زىيا.

1985 - يىل

## ساتقۇن

تاغ تاجىسى —ئاقۋاش چوققىلار
يەلكىسىنى باسقان كۆمۈچ چاچ.
سۈبھى سەھەر سۆيگەندە قۇياش،
تاغدىن تامار تارام ـ تارام ياش.

ۋاپادارلىق قۇياش، ئايدىمۇ،
تاغلاردىمۇ ياكى ساداقەت؟
ئادەملەرچۇ بىۋاپالىق قىپ،
بولۇشىدۇ نېچۈك ھاماقەت!؟

كايىماڭلار مېنىڭ سۆزۈمگە،
قارالماسلار بارغۇ كۆزۈمگە...
ۋاپاسىزلىق، ساتقۇنلۇق قىلىپ،
داغ سالغانلار بارغۇ ئۆزۈمگە...

كايىساڭلار، تارىخ سۆزلىسۇن،
ئۇ كۆرمىدى دەيسەن نېمىنى.
ساتقۇنلۇقنىڭ كاساپىتىدىن
قانغا پاتقان ئۇيغۇر زېمىنى.

***

مۇز ئۈستگە مۇزلار منگشپ،
تېنى مۇزدىن پۈتكەن مۇزداۋان.
شۇ داۋاندا ئالتە ئاي ياز-قش
يول تورايدۇ شردەك شۇۋۇرغان.

خانتەڭرىدن خانلق تالاشقان
چوققلاردىن ئۆتەلمەسكەن قۇش.
ئۆتەلمەسكەن پەلەمپەي يولن —
ئۆتەلمەسكەن بلمەس ناتونۇش.

شۇ داۋاندا يولى كېسلدى
سەددىچندىن كەلگەن لەشكەرنڭ.
شۇ داۋاندا بوينى قسلدى
بۆرە چشلق كۆرەڭ سەركەرنڭ.

قايمۇققاندى چقسا شۇۋۇرغان،
سرلق سوقماق يولن تاپالماي.
قلچ بلەن كەلگەن خۇنسلار
قاتقان ئېدى قلچ چاپالماي...

***

بەخت بولماس ئەركتن ئارتۇق،
بەختى بارلار ئازمۇ جاهاندا؟
ئەرك ئزدەپ كۆتەردى ئەل باش،

قالمايلى دەپ يەنە ئارماندا!

ئۈچ تۇرپاندا باردى ئىككى قىز،
چېچى قۇندۇز، قاشلىرى كامان.
بىر يىگىتنىڭ ئىشق-پىراقىدا
رەڭگى-رويى سارغىيىپ سامان
/دەيدۇ كۆيەك ھەممىدىن يامان/.

بولمىسىغۇ چاچلىرىن تاراپ،
قاتقان ئېدى قىزلار قامىتى.
ئۆزىدىن سەل گۆزەلرەك ئۈزنى
بىر ئاخشىمى يىگىت توي قىلىپ،
ئالمىخاننى ئالسا قوينىغا،
چاچلىرىنى چۇگۇپ ئازنىخان
سىرتماق سالماق بوپتۇ بوينىغا.

"نەرىم كامكەن مېنىڭ ئۇ سەتتىن،
نەرىم كامكەن خورلاپ كەتكىدەك.
قاشلىرىم بار ئۈچ كۈنلۈك ئايدەك،
چاچلىرىم بار يەرگە يەتكىدەك..."

ئۇ تاڭ مەھەل قىلىپتۇ سەپەر،

كىملەردىندۇ كۈتۈپ بەختىنى.
ئۇ ئۇنتۇپتۇ دوستى ئالدىدا
توغاچ تۇتۇپ بەرگەن ئەھتىنى.

ئاڭا تونۇش سىرلىق سوقماق يول،
كۆپ ـ كۈك مۇزدىن پۈتكەن مۇزداۋان.
كۆز باغلانغان ئېكەن ئازىنخان
سەركەرگە سىر قىلغان چاغ بايان:

"تارتىۋالدى رەخمىتۇلخاننى،
سەل چاغلىدى مېنى كۈچۈمنى.
مەن كۆنۈمەن سېنىڭ شەرتىڭگە،
ئېلىپ بەرسەڭ ئەگەر ئۆچۈمنى.
مەن كۆرستەي داۋان يولىنى،
پانا بولساڭ يىگىت جېنىڭغا.
شۇ دېدەكنى چاچتىن سۆرىتىپ،
تىغ پاتۇرساڭ ئەگەر قېنىغا!.." —

سوغا قىلدى ئالتۇن بىلەيۈزۈك،
كۆنۈپ قىزنىڭ شەرتىگە ياۋلار.
تىك داۋاندا تىزى تىترىگەن
يۇتى ياۋنى يېرىلغان يارلار.

ساق ئۆتكىنى "سىرات كۆرۈكتىن"

**توپلىنىپتۇ قارا قارغىدەك.**
**تاشقا سۈرۈپ قىلىچ بىلەپتۇ،**
**ئۈچ تۇرپاننى بۆسۈپ يارغىدەك.**

*******

**1765 ـ يىل!**
**قانغا پېتىپ قالدى ئۈچ تۇرپان.**
**شۇندىن بېرى ئۇنى ئەسكە سېپ،**
**زاۋال ۋاقتى قانتالاش ئاسمان.**

**قانچە دەھشەت قانغا چىلىنىپ،**
**ياتار لەك ـ لەك پەرزەنتلەر بېشى!**
**شۇندىن بۇيان يەرنى تەۋرىتەر**
**ئانىلارنى ئاچچىق ئۆكسۈشى.**

**ئۇنتۇلمايدۇ ئۇنى ئانا يەر،**
**كىمدىن كەلگەن بالا ـ قازا بۇ!**
**ئۆز يېرىنى ئۆزەمنىڭ دېگەن**
**ئىسيانكارلار ئالغان جازا بۇ...**

**تېخى قانلار سىڭىپ پۈتمەستىن،**
**مازارلاردا ئۆچمەستىن چىراق.**
**سەركەر سېلىپ قىزغا دەستىخان،**
**قان رەڭلىك مەي سۇنۇپتۇ، بىراق...**

قىز نائىلاج سۈمرىپ مەيىنى
"ئەندى شەرتنى ئورنۇدا!" دەپتۇ.
سەركەر دەپتۇ: "بۇ قانداق جەڭدە
سەن سورىغان يىگىت ئۆلۈپتۇ!..

سەن دوستۇڭغا بولدۇڭ بېۋاپا،
ماڭا قانداق دوست بولالايسەن؟
زەھەر ئىچتىڭ مەي ئەمەس،
ئەندى دوستقا زار بوپ تۇۋۇلايسەن!..."

سۆرەپ ئۇنى سۈمبۈل چېچىدىن،
تاشلىشىپتۇ چوڭقۇر قۇدۇققا.
ئۆز گۆشنى چىشلەپ ئۆلۈپتۇ
ئەرزىمەستىن ھەتتاكى ئوققا.

شۇندىن بېرى ئۆتكەن —كەچكەنلەر
شۇ قۇدۇققا تاش تاشلاپ ئۆتتى.
پەرزەندىدىن بولغانلار جۇدا،
ئۇنى قاغاپ، كۆز ياشلاپ ئۆتتى.

شۇندىن بېرى ساتقۇننى كۆرسە،
چالما ـ كېسەك قىلىدۇ يوللۇق.

**ساتقۇنلۇقنىڭ كاساپىتىدىن**
**ئۇيغۇرستان تارتماقتا خورلۇق.**

**ساتقۇنلۇق —قۇللۇق!**

**1968 ـ يىل.**

# يار ۋە دىيار

چاچ ئۆرۈمدە جالا بولىدۇ،
ئاشىق قەلبى يارا بولىدۇ.
سىز بىلەمسىز، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
كۆزى نېچۈك قارا بولىدۇ؟

كۆزىنىڭ قارا بولمىغى تالىق،
ۋىسالى يوق ھىجرانغا باغلىق.
خەلقىم تارتقان دەرتنىڭ ئالدىدا
دەريا بولۇپ ئاققان دەرت چاغلىق.

مويسىپىتلەر بىر سىرنى سۆزلەر،
تورلۇق قوغۇن كەبى شۇ ئۆزلەر.
"كۆپ يىغلىغان كۆز قارا بولار..."
دەرھەقىقەت تۇم قارا كۆزلەر.

***

يىگىت كەتتى يىراق-يىراققا،
يارىنى قويۇپ ئىشقىي پىراققا.
جۇگان قەلبى ئۆرتەندى ئوخشاپ،
ساقىپ يانغان بىر شام چىراققا.

نەگە كەتتى ئۈنىڭ مۇڭدىشى،
ئۆزۈن تۈنلەر بولغان سىردىشى.
شاتلىقتىنمۇ ياكى قايغۇدىن،
قۇرىمىدى كىرپىكتە يېشى.

شاماللاردىن سەزسە ھىدىنى،
قۇچاغلاتتى قېرى سېدىنى.
ياردىن قالغان ئوغاقتا ھەر كەچ
ئورۇپ قايتار بىر باغ بېدىنى.

ئارام ئېلىپ تۇرۇپ قالسا جىم،
كىمدۇر "تېپەر" تېنىن بېتىنىم،
شەھلا كۆزى ئىزدەپ كىمنىدۇ،
"نەگە كەتتىڭ، ـــدەتتى ئۇ، ـــجېنىم؟!"

جەڭگە كەتتى، نەگە كېتەتتى،
تېچ تۇرمۇشنى يىگىت تىلەتتى.
نېمە دېدى كېتەر ئالدىدا،
ياردىن بېلەك كىممۇ بىلەتتى.
دېگەن ئېكەن ياش سۇرتمەي يەڭگە:
"دىيار ئۈچۈن بارايمەن جەڭگە.
ئانا ۋەتەن كۈتمەكتە مېنى،
ئۇرۇش سالغاچ سوغۇق كۆلەڭگە.

ئەل بېشغا كۏن چۏشسە، كۏلگەن —
نامەرتلىكنىڭ ئېكەن قاشقىسى.
ئەل غازاتقا چاقىرسا نامەرت —
دەيدۇ بارسۇن مەندىن باشقىسى...

شاتلىق تېخى سىڭمەي دىلىمغا،
پورۇخ ھىدى پۇرار بۇرنۇمغا.
مەن دىيارنى دېدىم، يار دېسەڭ،
ئوغاق تۇتۇپ قالغىن ئورنۇمغا!"
بىرېستا جەڭ يايغاندى ئېتەك،
سىقشاتتى مەرتلەر گېكتەك.
كىندۏزى كۏن، ئاخشىمى ئاينى
كۆرسەتمەتتى قارا ئىس-تۏتەك.

قورقاق ئېلىن ساتار زەر ئۏچۏن،
ئەلنى قوغداش بۇرۇچ ئەر ئۏچۏن.
شۇڭا ئەجەل ئەلچىسى بىلەن،
ئېلىشتۇ ئۇ غېرىچ يەر ئۏچۏن.

بىر چاغ تانىك كەلدى يەر تىلىپ،
كەتتى ئانا دىيار سىلكىنىپ.
يىگىت ماڭدى تانكقا قارشى
جاندىن، ئەلنى ئۇ ئەزىز بىلىپ...

***

ئوغاق تۇتۇپ قالغان قاداق قول،
ئالقىنىدا كۆردى بىر ئوغۇل.
كۈتە ـ كۈتە تەلمۈرۈپ جۇغان،
يىگىت كەتكەن ياققا ئالدى يول.

قارا كۆزنىڭ قالدى قارىسى،
پۈتمىگەچكە ئۇرۇش يارىسى.
يول ئالغانتى جۇگان يارنى دەپ،
يىراق ئېدى يولنىڭ ئارىسى.

دىدار ئىزدەپ، جۇگان يار ئىزدەپ،
كېچىكلەرنى كەچتى ئۇ تېز دەپ،
گاھى ـ گاھى سورار جەڭچىلەر:
"كىمنى ئىزدەپ يۈرىسىز سىز؟" ـــدەپ.

يول كېسىلدى بىر تاش يېنىدا،
يۈرەك قۇرغۇر تەپمەس قىنىدا.
ئوقۇپ تاشقا ئويۇلغان خەتنى،
قىساس قۇشى ئۇچتى قېنىدا.

تىترەپ قالدى زور تاشنىڭ تىلى:
"كېلىشىڭنى ئىزدەپ بىلەتتىم!
ئۆلمىسۇن دەپ سېنى، ئۆلدۈممەن،

كۆزۈڭ ياشقۇ؟ شاتلىق تىلەتتىم!"

...يول تۇتتى ئۇ قىساس ئالغىلى،
تانىك كۆرسە چاڭگال سالغىلى.
گەر تانكىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلسە،
رازى ئېدى شۇندا قالغىلى...
***
چارەك ئەسىر ئۆتتى ئارىدىن،
پەرزەنت باغرى قاندۇر يارىدىن.
ئاتا ـ ئانا يادى قىينىسا،
بويۇن قىسار نومۇس ـ ھارىدىن.

كەتتى ئاتا ئۆزى كەلمىدى،
ئىككى ئىلىك سۆزى كەلمىدى.
كەتتى ئاڭا جۇدالىق سېلىپ،
كەتتى قارا كۆزى كەلمىدى.

ئاتا ـ ئانا خۇمارى تۇتتى،
ئوغۇل چۆلدىن سوراغلاپ ئۆتتى.
كۆردۈڭمۇ دەپ غەمگۈزارىنى،
جاۋاۋىنى تىڭىرقاپ كۈتتى.

يوللار بېرلىن تامان باشلىدى،

قوش هەيكەلگە نەزەر تاشلىدى.
تونۇپ بىر تەن ئاتا ـ ئانىسىن،
قەلبى ئىڭراپ كۆزىن ياشلىدى.

دېدى مەغرۇر ئاتا هەيكىلى:
"ئوغلۇم بولساڭ، كۆتەر بېشىڭنى!
مەن ئۆلدۈم راس، ئۆلدى هەم ئاناڭ،
قۇرۇتۇشچۈن كۆزدىن يېشىڭنى".

پەرزەنتلەرنىڭ دىلىدا داغ بار،
ياۋلار تاڭغان قانلىق "ئويۇندىن".
خالار ئېدىم بۇرۇن ـ بۇرۇندىن،
ئەل قۇتۇلسا تەتۈر قويۇندىن.

كۆكرەكلەرنى چەللەپ تىتىشتۇق،
يارالغاندىن بېرى ئېتىشتۇق.
نېمانچىلا هاماقەت ئادەم؟
ئېتىشىشتىن نېمە تېپىشتۇق؟!

1969 ـ يىل.

## سەردار

سۈرۈشتۈرسەڭ ئەسلىمنى مېنىڭ،
مەن سادىرنىڭ نەسلى  ـ چەۋرىسى.
كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ چۆككەن
شۇ بوۋامنىڭ مۇڭلۇق قەبرىسى.
گۈل ئورنىغا شۋاق بېسىپتۇ،
نېمانچىلا بۇ قەبرە ۋەيران؟
موشۇ قەبرە بوۋامنىڭ دېسەم،
كىم ئىشىنەر، ئۆزەممۇ ھەيران.
تەگرى تېغى ـ تاغلار تاجىسى،
سەن تارىخنىڭ تىرىك گۇۋاسى.
تەگرى تېغى، ئېيتقىنا قېنى،
نېمە ئېدى بوۋام گۇناسى؟

***

تاغ يېرىلىپ دېدى: "ئەي، ئوغلۇم،
قارا مېنىڭ ئاپپاق بېشىمغا.
ماڭلىيىمدا قاتمۇ ـ قات قورۇق،
ئەلى تولۇپ ئاقار يېشىمغا.
تىڭرىقسەن، قەلبىڭ تىلسەن،
نېمانچىلا خىيال قىلسەن؟

سوراپ قالدىڭ بوۋاڭ تۇغرىلىق،
بولمىسىغۇ سەن خوپ بىلسەن.
نېمىلەرنى كۆرمىدى بېشىم،
دەريا بولۇپ ئاقتى كۆز يېشىم.
قانچە ئەسىر تۆككەن قانلاردىن
تۇگۇرلىنىپ قاتقان ھەر تېشىم!
سەددىچىندىن كەلگەن كەلگىندى
پاك باغرىمنى قىلدى جاراھەت.
ئىككى ئەسىر بولدى پۈتمىدى،
شۇندىن بۇيان يوقالدى راھەت.
ئەلنى يالاپ ئۆگەنگەن ياۋغا
پانا، دەرگاھ بولغان بايانداي.
كېلە ـ كەلمەي سىپىل سوقتۇردى،
ئۈستىخانۇ قاندىن رودۇپاي.
تىغ بوپ سانچىلغاندى باغرىمغا،
"تيانشان" دەپ نامىن قويغاندا.
ئۇنى ئاز دەپ، ئۇيغۇرستانىنىڭ
نامىن "شىنجاڭ" دەپ بويىغاندا...
بۇ پەلەكنىڭ چەرخى بۇزۇلۇپ،
قاچقان چاغدا ئەلدىن ئامەت،
تېنىگەن چاغ تەلەي، بوۋاڭغا ـ
ئاتا قىلدىم چىناردەك قامەت.
ئون بەش ياشتا نامى ئاتالدى،
شۆھرىتىنى ياۋلار يات ئالدى.

قۇزغۇن كۆرسە، چاڭگال سالغان چاغ،
قىران قاناتلىرى ماتالدى.
ئەلدىن رەقىپ ئۆندۈرمەك بوپ زەر،
سىلىق سالدى ئېغىر نەقەدەر.
نامراتلارنىڭ ئاھۇ نالىسى
سۇنغاي ئېدى سادىرغا خەنجەر.
ئۇ جەڭ قىلىپ، چۆلدەك چانقىسا،
مۇزدەك سۇنى سۇندۇم قولىغا.
ئۇنى ئىزدەپ، ياۋلار يامرىسا،
تاش ئاتقاندىم ياۋنىڭ يولىغا.
موشۇ يۇرتتەك قېدىمدۇر يېشىم،
ئاما غەمدىن خالىمەس بېشىم.
بەل تۇتۇشۇپ، ھارغاندا بوۋاڭ،
تەھى بولغان ئۆگكۈرۈم، تېشىم."

***

ئەر دىگەننى ئېلى ئۆستۈرەر،
يامان كۈنگە ياراپ قالار دەپ.
ئەل غېمىنى ئەرلەر قىلمىسا،
ياۋلار يۇرتۇن خاراپ قىلار يەپ.
مىڭ سەككىز يۈز ئاتمىش تۆرتىنچى يىل
باياندايدا قاينىغاندى جەڭ.
يەڭمىگچە يانماي باتۇرلار،

ياربلانغان شردەك هالى تەڭ.
قوۋۇرغسى ئۇستىخان قورغان،
يول قويماتتى ئالغا بىسىشقا.
يول قويماتتى ياۋنىڭ بوينىدىن
ئۈزى قۇرغان دارغا ئېسىشقا.
ئاتا دۈشمەن قانخور قاتىللار
تولتۇرغاندى يەرنى جەسەتكە.
ئوخشاش قالغان ئېدى باياندای
يەر ئۈستىگە قۇرغان لەھەتكە.
شۇ چاغ كىرپىك قاقماي تاڭغىچە،
بوۋاڭ تاپقان غەلبە يولىنى.
كونا تامغا قاراپ يول ئالغان
ئەگەشتۈرۈپ ئۇ بەش ئوغلىنى.
سىپىل تامان قازغانتار خەندەك،
ئۇيقا باسا، پەرۋايى پەلەك.
پۈتكۈزۈشكەن ئېدى لەخمنى،
تاڭ سۈبهىدىن بەرگەن چاغ دەرەك.
يەتكەن مەزگىل سىپىل تۈۋىگە،
كولاپ چوڭقۇر، دورا دوگىلغان.
شۇ دورىغا يۈز ئەللىك غۇلاچ
قۇرۇپ كەتكەن ئۈچەي ئۇلىغان...
مەن تاڭ قالغان بوۋاڭ پەمگە،
ياققان چاغدا ئۈچەيگە گۇگۇت.
قۇرۇق ئۈچەي مايدەك ۋىجىلداپ،

پاختنۋەندەك ئالغان ئېدى
پەلەت بويلاپ توزغان پەيدەك،
مانانلىشىپ سېپىل پارچىسى.
ئالغا ئۆندەپ، چېلىنسا سۇناي،
ياڭراپ كەتكەن غەلبە جارچىسى.
قىلىچ، نەيزە تۇتقان قىرانلار،
ئېتىلىشتى ئوقتەك غەزەپتە،
ئېلىششتى خۇددى بۆركۆتتەك،
سېنىك بوۋاڭ باشلىغان سەپتە.
تىزگىن سېرىپ، ئۇچار ئاق بوز ئات،
دۈچ كەلگەنى تۇياقتا چەيلەپ.
قۇش كۆزىنى چەللىگەن بوۋاڭ
ياۋ بېشىنى تۇرماتتى چەللەپ.
توۋىسغا تايانغان ياۋلار
ئىلان كەبى قاچتى بېغىرلاپ.
بوۋاڭ شىردەك نەرە تاتقاندا،
سېپىل ئىچى كەتتى لىغىرلاپ.
قۇلاق سالماي، خەنجەر سانچىلدى
ياۋنىڭ باقماي ئاھۇ ـ دادىغا.
مويۇنچۇرنى سالغاندى سادىر
ئەشۇ دۈشمەن يادىغا...
چوڭ كۆرەنى بېسىپ ئېلىشتا،
كۆرەڭ ياۋنى تەسلىم قىلىشتا،
سۇ باشلىغان بوۋاڭ سېپىلغا،

زورلىماستىن قالقان، قىلچقا!..
ياڭراپ كەتكەن شۇ چار ياقتا،
بۇ غازاتنىڭ سۈرەن ـ ساداسى.
زۇلۇم زاۋال تاپقاندى شۇ كۈن،
ئۆلۈپ ئەلنىڭ زور ئەجدىھاسى.
بىر ئەسىردە بىر قېتىپ كۆلگەن
ئەل كۆتەرگەن سەردارنى باشقا.
شاتلىق كۈنگە بولدۇم ئاز شاھىت،
بۇ ئۆمرۈمدە كېلىپ بۇ ياشقا.
ئاينى داپ قىپ چالسا غالىپ ئەل،
مىڭ بۇلاقتىن ئاققان شاتلىق ياش،
توختىمىدى ناغرا قىرىق كۈن،
قىرىق تۈنچە قايناپ تۇرغان داش.
ھەققى بارغۇ ئويناشقا شۇنداق،
يىغلىغىنى يېتەر بىر ئەسىر.
بۇ ئاق كۆڭۈل ئەمگەكچان خەلقە
تەتۈر قاراپ ئۆتتىغۇ تەغدىر.
ئارمىنىغا يەتكەندە بوۋاڭ،
كۆمۈلگىنى راس بۇ قەبرىگە.
مەرتلىك ئۈندىن مىراس بوپ قالدى،
ساڭا ئوخشاش ھەر بىر چەۋرىگە.
مۇرادىغا يەتكەنلەر ئۈچۈن،
قەبرىمچۇ قەسىر بولغىدەك.
مەڭگۈ تىرىك روھى ئالدىدا

ئۆلۈم دېگەن ئەسىر بولغىدەك.
دېدىك:"قەبىر چۆكۈپ كېتىپتۇ!" ـ
قەبىر چۆكسە، بوۋاڭ چۆكمەيدۇ.
ئۇنىڭ قەبرى قەلبتە تۇرسا،
ھۆرمىتىگە كىم تىنز پۈكمەيدۇ؟
دېدىڭ ھەجەپ: "چۆكۈپ كېتىپتۇ!.."ـ
چۆككىنى راس ئۇنىڭ كۆڭۈلگە.
خانتەڭرىدەك شۆخرىتى ئېگىز،
نامى ئەرىك ئۈچۈن كۆنەلگە!..

1964 ـ يىل

## تەۋەرۈك توپا

قەدرىڭ ئۆتتى، ئانا ۋەتىنىم،
كۆيلەش ئۈچۈن كۆڭۈم يەتمەيدۇ.
ئىلكىمدە بار تۆڭۈم يەتمەيدۇ،
ناخشا ئېيتسام ئۈنۈم يەتمەيدۇ.

ئەۋلادىڭ ئوت ـ پىراقىدا
يۈرەك ـ باغرى يارا بولغان يەر.
ئاتام ئۈچۈن پانا بولغان يەر،
ئانام ئۈچۈن ئانا بولغان يەر.

نېچۈن بۈنچە زار بولغىنىمنى
كېرەك بولسا سورا قېنىمدىن.
بۇ جان جۇدا بولماي تېنىمدىن،
سېنىڭ يادىڭ چىقماس جېنىمدىن.

ۋەتەن سېنىڭ بىر پارچە تېنىڭ —
سىقىم توپاڭ مېنىڭ قولۇمدا.
ماڭا هەمرا چۈشۈ ـ ئوڭۇمدا،
ماڭا هەمرا ماڭغان يولۇمدا.

سېنىڭ يادىڭ قىينىغان چاغلار،

شۇ توپنى قانماي پۇرايمەن.
شۇ توپىدىن سوئال سورايمەن،
يۈرىكىمنى غەمگە ئورايمەن.

تەپتىگە مەن تويمىغان تۇرسام،
ئاڭا نەقىش ئويمىغان تۇرسام،
قانداق قاناي توپا مېھرىنى،
ئۇلۇقلىغىن تۇيمىغان تۇرسام.

نېتەي ئاخىر، ئەي ئەزىز تۇپراق،
بىلمەپتىمەن زۇۋانلىغىڭنى،
تۇتىيادەك شىپالىغىڭنى،
بىلمەپتىمەن ئىپارلىغىڭنى.

ناندەك ئۇلۇق تەۋەررۈك توپا،
بولمىغانسەن مېنىڭدىن بىزار؟
نېچۈن ساڭا مەن بۇنچىلا زار،
نېمە قۇدرەت ئېيت، نېمە سىر بار!

***

دېدى ماڭا تەۋەررۈك توپا:
"خوپ بىلمەن سېنىڭ دەردىڭنى.
ھېچ كىم مەندەك بىلمەس قەدرىڭنى،

ھېچ كىمگە سەن پۈكمە قەددىڭنى.

ئىسسىق شامال سۆيۈپ ئۆتكەندە،
ئانا يەرنىڭ تەپتىغۇ دەيسەن.
كېچە ـ كۈندۈز مەنچۈن غەم يەيسەن،
مېنى مېھىر سەپتىغۇ دەيسەن.

چىدالمايسەن مەندىن ئايرىلىپ،
مەن تەۋەرۈك بىر پارچە تېنىڭ،
ماڭا تامغان پاك كىندىك قېنىڭ،
شۇڭا قاندىن كېچەلمەس جېنىڭ.

تەلمۈرىسەن، ئۆيغا چۆمۈسەن،
ئاھ، كۆزلىرىڭ ماڭا مەھلىيا.
بۇ توپراقتا ئۆسكەن گۈل ـ گىيا،
كۆزلىرىڭگە بىلسەڭ توتىيا.

سەزمىدىڭمۇ، شۇنچىلا غەم يەپ
ئۆسكەنلىكىڭغۇ مەندە ئۆمۈلەپ.
سەۋەۋنى سورىدىڭ ھەجەپ:
"نېمە سىر بار، نېمە قۇدرەت" ـــ دەپ،

ساڭا ئوخشاش قېدىم گىرېكلار

ئېيتىشىدۇ مۇنداق رىۋايەت
رىۋايەتكە قىلماي خىيانەت،
ئېيتىپ بېرەي، تىڭشا، ئەي پەرزەنت.

تاغنى تالقان قىلغان گېركۇلېس،
سپارتاكچە تاپقاندا شۆھرەت.
ئانتېي كۆپتىن كۆتۈپ يۈرگەن پەيت —
بەل تۇتۇشقا كەپتۇ بىر پۇرسەت.

بىرى يولۋاس، بىرى بوپتۇ شىر،
تاپىنىدىن تېمىپتۇ قانلار،
يېرىلىپتۇ چاك-چاك ئالقانلار،
كۇكۇم تالقان بوپتۇ قالقانلار.
كەتكەن چاغدا ئانتېي ھالىدىن،
يەرگە باغرىنى يېقىپ ياتاركەن،
يەرنى قوشاقلارغا قاتاركەن،
مەدەت ئېلىپ، نەھرە تاتاركەن.

چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسىكەن يەر،
ھالىدىن تايسا، سوراركەن مەدەت.
ئەگەر باشقا چۈشكىنىدە دەرت،
يەر ئانىسى بېرەركەن غەيرەت.

رەقىبىنىڭ سېزىپ سىرىنى،

يۇلۇپ ئاپتۇ ئانتېينى يەردىن.
قۇياشقىچە ئېتىپ پەرىيادىن،
قۇتۇلالماي قاپتۇ ئەجەلدىن.
ئاھ گېركۇلېس بوغۇپتۇ كۆكتە
پتۇ ـ قولنى يەرگە تەككۈزمەي.
نالىسىنى يەرگە يەتكۈزمەي،
يەرنى ئاڭا ياردەم ئەتكۈزمەي.

ئانا يەردىن ئايرىلىپ ئانتېي،
يېگىلىشكە بوپتۇ مۇپتىلا.
بۇنداق ئىشلار تارىختا تولا،
دەيدىغان گەپ ئەمەس بوپتىلا!"
***
ئەي تەۋەرۈك، توتىيا توپراق،
ئاچتىڭ ئەجەپ يۈرەك قېتىڭنى.
چۈشەندىم مەن رىۋايىتىڭنى،
چۈشەندىم مەن پاك نىيىتىڭنى.
مەن بالاڭمەن، سەن مېنىڭ ئانام،
ئۇيات ئەمەس ساڭا يېلىنىش.
ئېيتقىن ئانا، ئىشقىڭدا يېنىش —
قاچانغىچە يار بۇ يېڭىلىش؟!

پېشانەمگە دەرت پۈتۈلگەنمۇ،
بۇ ھىجارنىڭ پايانىئى يوقمۇ؟

ھىجران پۈتەر بىر ئانى يوقمۇ،
يە ۋىسالىق ئايانى يوقمۇ؟!

—سۆزلىرىمگە قۇلاق سال، بالام،
ساڭا باھار تىمسالى باردۇر.
تارىختا كۆپ مىسالى باردۇر،
بۇ ھىجراننىڭ ۋىسالى باردۇر.

مىسكىن ئاناڭ قانداق چىدايدۇ،
بىرەر قېتىم تەختىڭ كۆلمىسە.
بىرەر قېتىم ئەھتىڭ كۆلمىسە،
بىرەر قېتىم بەختىڭ كۆلمىسە!

—شۇنداق دېگىن، غەمگۇزار ئانا،
نېتەي ياۋار سەندىن كۆنلىسە؟
بەختىم كۆلمەس، تەختىم كۆلمىسە،
ھىجران پۈتەر، ئۈمۈت ئۆلمىسە!...

1970 ـ يىل، ئالمۇتا.

# ۋاپا

يادىمدىن ھېچ كەتمەس شۇ سەھەر،
يادىمدىن ھېچ كەتمەس شۇم خەۋەر.
ئوخاتقاندى تاتلىق ئۇيقىدىن،
توپ زەربىدىن تەۋرىگەن بۇ يەر.

ئەل بېشىغا كۆن چۆشكەچ، يىگىت
سۇغىرىلدى يارنىڭ قوينىدىن.
ئايرىلىشنى تۇيدىمۇ يۆرەك،
ئاق بىلەكلەر قۇچتى بوينىدىن.

يىراقلاردا ئېتىلسىمۇ توپ،
قادالغاندى تىغ بولۇپ جانغا.
گۇۋا بولۇپ قالدى بۆك سېدە،
گۇۋا بولۇپ قالدى ھىجرانغا.

شۇندىن بېرى تۇرۇپ تاڭ سەھەر،
يولغا قاررا دەپ ئۇ يار كېلەر.
كۆتمىسەم گەر سېدە تۆۋىدە،
كۆتمەپتۇ دەپ يارغا ھار كېلەر.

ئاڭلانسىمۇ ئوقلار يىراقتا،

تاتىلاشتى قەلبىن بىراقتا.
ئاھ، كۈتۈشنىڭ ئېغىرلىغىنى
كۈتكەن بىلەر كۆيۈپ پىراقتا.

ئولتارسۇنمۇ قاچان كېلەر دەپ،
يار يولىغا قاراپ، چاچ تاراپ.
ئۇ ئاتلاندى قانلىق جەڭ ئارا
قالارمەن دەپ بىر ئىشقا ياراپ.

ئوق ئاستىدا يۈردى ئۆمۈلەپ،
ئوقلار تەشكەن تېگىسپ قوللارنى.
يەتتى ئاخىر ئودېر بويىغا،
يارى يۈرگەن بېسىپ يوللارنى.

يەر تار كېلىپ، كۆكتەقاينار جەڭ،
ئوت قوياتتى شۇڭغۇپ سامولېت.
شۇ كۈن يەر چوغ بولدى ئاسمان قوغ،
شۇ كۈن دەريا بولدى چوڭ تاۋۇت.
قان ئارىلاش ئاقاتتى ئودېر،
غەزنۇىدۇر بەلكى ئۆركىشى.
بەلكى تاشار قىنغا پاتماستىن،
شېھىتلارنىڭ ئاچچىق كۆز يېشى.

ۋسال دېمى كەلگەندى شۇ كۈن،
پۈتەر پەيتى ھىجران يارىسى.
بومبا پارتلاپ، سۇلارنى سورۇپ،
يىراقلاشتى يەنە ئارىسى.

ئىنايەتىنىڭ تېنى تىتىلىپ،
يار ۋەسلىنى قالدى كۆرەلمەي.
دىدارىغا زار بوپ كەلگەن يار
ئۆز قولىدا قالدى كۆمەلمەي.
ئەپسۇس، ئۇنى نىگارى شۇ كۈنى
بىر دەرىيادا تۇرۇپ سەزمىدى.
بولمىسا ئۇ يارىنىڭ كويىدا
نە ـ نەلەرنى ئىزدەپ كەزمىدى.

رېيخستاگقا قادالغاندا تۇغ،
باستى شاتلىق خۇمار كۆزىنى.
ئاما ھىجران زەپىران كەبى
سارغايتقاندى ئايدەك ئۈزىنى.

قىساس ئېلىپ ياندى يۇتىغا
يەلماۋۇزنى يېڭىپ شۇ ئايال.
"كۆردۈڭمۇ، دەپ، مېنىڭ يارىمنى؟!"
دۇچ كەلگەندىن سوراتتى سوئال.
بىرى ياق دەپ بېشىن چاغقىسا،

بىرى ئېيتار كۆرگەنلىگىنى.
دنيېردا بولغان چايقاشتا
سەپ ئالدىدا يۈرگەنلىگىنى.

"كۆردۈڭمۇ؟" دەپ كۈندىن سورىسا،
"كۆردۈم!" دېدى ئۇنى ئودېردا.
"نېمە دەيسەن؟!" مەنمۇ شۇ كۈنى
بار ئېدىمغۇ بەلگىچە سۇدا..."

ئۇ ئودېرنىڭ بېرىپ بويىغا،
"كۆردۈڭمۇ؟" دەپ سۇدىن سورىدى.
جاۋاپ بەرمەي قاچسا ئېغىناپ،
كۆكرەك كېرىپ ئۇنى تورىدى.
ئىگراپ ئاقتى شۇ ئەزىم دەريا،
دەلەلمىدى "ياتار قوينۇمدا.
ئىنسانلارغا ئىنساپ بەرمىگەن —
گەر گۇنانى ئالمىسا خۇدا،
قانلىق قەرزىڭ مېنىڭ بوينۇمدا!"

تۈندە سوراپ ئۆكەر يۇلتۇزدىن،
قەلەم قېشىن تۈرۈپ تەلمۈردى.
"ئالتۇن يۇلتۇز تاقفان يارىڭنى، —
دېدى ئۆكەر، —كىملەر كۆرمىدى".
چېچىن چۇگۇپ كېلەر شۇ جۇگان،

يۇرىگى قان، قەلبىدە پۇغان.
باشقىلارغا ۋىسال بېغىشلاپ،
كېلەر ئۆزى ھاپاشلاپ ھىجران.

ئون يىل كۈتتى، كېلىدۇ يار دەپ،
ئون يىل ئۆتتى، غەمگە بوپ شېرىك.
ئىشەنمەتتى ئۆلدى دېگەنگە،
ئىشەنمەتتى، دەتتى ئۇ تىرىك!
***
تىلىڭ يەرلەردە باشلاندى چوڭ ئىش،
مەردانىلارنى چىللاپ چېلىشقا.
كەڭ دالانى تارتتىمۇ كۆڭلى،
ئاتلاندى ئۇ كۆنمەي قېلىشقا.

ئادەم بولۇپ تۇغۇلدى ئاخىر،
ئادەملىكتىن قالسۇندە نىشان.
ئىزدىمىدى ئابروي يە ئاتاق،
ئىزدىمىدى شۆھرەت ياكى شان.

ئادەم بولۇش ئەمەسقۇ ئاسان،
ئادەم دېمە ئۆرە يۈرگەننى.
ئادەم دېمە ئەلنىڭ بەختىدىن —
ئۆز بەختىنى ئارتۇق كۆرگەننى.

ئۆز قولىدا قازدى ئۇ گەمە،
تاشىدا تىڭغا باشلىدى ھۇقۇم.
قىرىشقاندەك شەھلا كۆزىگە
چاچار ئىدى شامال توپا ـ قۇم.

ئۆز قولىدا قاقاتى ئۇ قوزۇق،
تەسكەن تىكەن گۈللىگەن چاغدا.
بوران دېدى ئاشا ئۇشقىتىپ:
"باشقىلاردەك قالمىغىن داغدا..."

ئۆز قولىدا سالغاندا ئۇ تاپ،
ھۆكۈردى شىردەك شۇۋۇرغان:
"سەن كىم شۇنچە، مەن ـ مەن دېگەنلەر —
ئەرلەر بۇندا ئەقلىدىن ئازغان!"

تاختا بولغان چاغدا بۇغدايلار،
تامچا سۇغا زار بوپ سولاشتى.
كېزىپ يۈرسە دەشتە ـ دالادا،
بىر بېشىغا مىڭ غەم ئولاشتى.

تاشغا يېقىن باستىمۇ غەپلەت،
چۈش كۆرگەندى شۇ سەرىۋ قامەت.
"ئىبادەتخان —سەۋىر قىل، گۈلۈم!"

دەپ ئىنايەت بەرگەندى مەدەت.

سەۋر تۆۋى سىرىق ئالتۇن دەر،
تاڭغا تارتىپ ياققاندى يامغۇر.
يۆگرەپ چىقسا يېرىم يالڭاچ،
كۆرۈنگەندى يامغۇر بولۇپ دۇر.

كىمۇ قۇچقان غۇنچە بويىنى
ياردىن بۆلەك، يامغۇردىن بۆلەك.
يامغۇر يۇيار ئاپپاق تېنىنى،
كام تېپىلار ئۇنداق ئاق بىلەك.
دان دېڭىزى چايقالسا تىڭدا،
دېخان دىلىن باستى ھاياجان.
دان دەرياسى ۋەتەن تومرىغا
قۇيۇلغاندى گويا بولۇپ قان.
***
ئوڭاي دەمسەن بېۋاق سارغىيىش،
گۈل بەرگىدىن بېۋاق قايرىلىش.
ئوڭاي دەمسەن كۆنۈ تۆن كۆتۆش،
تەنھا ئۆتۆش، ياردىن ئايرىلىش؟!

ۋاپادارلىق —ئەسلى باتۇرلۇق!
نېمە يەتسۇن ۋاپادارلىققا.
ۋاپادارلىق كېرەك بارلىققا،

ۋاپادارلىق مۇھتاج يارلىققا.

ۋاپادارغا ئوردېن بېرىلسە،
ئاشماسمەن ئۇنىڭدىن شاتلىق.
ۋاپاسىزلار نەدىن بىلىشسۇن،
ۋاپادارلىق —ئەڭ كاتتا بايلىق!

***

يۈرەكتىكى ھىجران يارىسى
ئەككەن چاغدا ئاقۋاش بېشىنى.
يوقلاپ كەلگەن بۇرادەرلىرى
كۆرۈپ قالدى كۆزدە يېشىنى.

دېدى: "مەندە يوق باشقا ئارمان —
ئۆتەلىگەن بولسام قەرزىمنى.
رازى بولسا يارىم —رازىدىم،
ئېيتار ئېدىم بىرلا ئەرزىمنى:

سالاسۇنلۇق گۈمبەز سالماڭلار،
تۇتاش ياتسۇن قەبرەم بۇ يەرگە!
تۇتاش ياتسۇن ياتالماي قالغان —
نەلەدىدۇر ياتقان شۇ ئەرگە!

ئايرىماڭلار مېنى بۇ يەردىن،

ئايرىماڭلار مېنى شۇ ياردىن.
ئايرىغىنى يېتەر ئۇرۇشنىڭ،
ئايرىماڭلار مېنى نىگاردىن..."

كەتمەن چېپىپ ئۆزى كۆكەرتكەن
ئارامخۇدا ياتتى تىنىڭ يەردە.
ئايلانىدىغۇ ماڭلاي تەرىدىن
تىنىڭ —غەزنىگە، دان بولسا زەرگە.

ۋاپادارلىق تىمسالى سېدە،
بىرىپ تۇرار قەبرىگە سۆلەت.
هايا بىلەن گۆزەل ئېدى ئۇ،
ۋاپا بىلەن ھەممىدىن قىممەت،
ۋاپدارلىق ئەسلى چوڭ دۆلەت!

1979 ـ يىل.

## ئامانساخان

ئاپاتاپ چۆلگە ئوت پۈركیدۇ ـ ئوت،
بۇ يەلەرگە كېلە ـ كەلمەي هۇت.
يىگەر كەبى كۆرۈندۇ قۇم،
كۆرۈنمەيدۇ ئالقاندەك بۇلۇت.

سۈمەرسمۇ تارىمنى يىللاپ،
تەشنا لېۋى گەز باغلاپ.
شۇڭا دەشتە ئۆركەشلەپ تۇرۇر،
كۈمۈچ تۈستە ئالدامچى سەراپ.

تەكلماكان ياتار ساقلاپ سر،
ياتار سماپ كەبى لىغىرلاپ.
ياتار قۇملار قۇمغا سۋىرلاپ،
كۆچكەن دەريا كەبى بېغىرلاپ.

ئوتۇن تېرىپ يۈرەتتى بىر قىز،
تەسكەن تىكەن ئۆسكەن شۇ چۆلدە
ئەسكە سالار ئاق ماتا كۆينەك
ئۈزۈپ يۈرگەن ئاققۇنى كۆلدە.

ئۇنىك سۈتتەك ئۈزىدە بىر غەم،

قوي كۆزىدە ئۆگيتى ئەلەم.
ماڭلىيدا ئۈنچە كەبى تۆر،
ئاق لەيلىگە چۈشكەندەك شۆلدەم.

غولىغا سىغماس ئۇزۇن سۇمبۇل چاچ،
شۇ قەلەمقاش نېچۈك ئېگەر باش؟
نېچۈك خىيال سۈرسە، مەڭزىنى
سۆيۈپ ئاقار تارام ـ تارام ياش؟
***
بوران ھۇۋلاپ خۇدى بۆرىدەك،
باشلانغان چاغ قۇمنىڭ قۇيۇنى،
غازاڭ قىلدى باغۇ ـ بوستاننى،
تەبىئەتنىڭ تەتۈر ئويۇنى...

قىزنىڭ ئۆيى ئېدى قاپتالدا،
قۇم ئاستىدا قالدى خانىسى.
يەرۇ ـ كۆكتىن قۇم ياققان چاغدا
ئېتىزدىن ئاتا ـ ئانىسى.
تىلسىز يەغا تىغسىز جادىغا
باسا، قۇلاق سالماي دادىغا.
پەلەك پەرۋا قىلماسدى قىزنىڭ
كۆز يېشىغا، دات ـ پەريادىغا.

قۇملار يۇتتى گەمگۈزارىنى،
قۇملار يۇتتى ئۇنىڭ زانىرىنى.
شۇندىن بېرى ئايرىماس بولدى
قۇچىغىدىن ئۇ ساتارىنى.

ساتار يەتتى قىزنىڭ ھالىغا،
دىلدا دەردىنىڭ بولسا ئۇ داۋا.
پۇگان بىلەن چالسا مۇڭلىنىپ،
ئىڭرىپ ـ ئىڭرىپ قىلاتتى ناۋا.

***

خان شىكاردا ئاداشتى يولدىن،
ھارغىن كۆزى چۈشتى تۆتۈنگە.
تىزگىن سىرىپ قالغاندا ئېتى،
مەپتۇن بولدى مۇڭلۇق بىر ئۈنگە.

ئۇششاق تالدىن توقۇلغان ئۆيگە،
خان بۇنچىلا بولماستى خۇشتار.
ئۆيدىن لەيزان ئاقاتتى غەزەل،
بۇگۇلداتتى ئەۋرىشىم ساتار.

بوسۇغىغا باساركەن قەدەم،
تۇرۇپ قالدى تاشلاپ بىر نىگاھ.
تۇرۇپ قالدى ياقىسىن تۇتۇپ،

ساتار چالغان قىزنى كۆرۈپ شاھ.

شاھنى شەيدا قىلدىمۇ گۆزەل،
يە قىلدىمۇ شەيدا تولۇن ئاي.
-يۈرۈك دەشتتىن كېتىلى، -دېدى، -
ئوردا ئىگرە سىزگە خاستۇر جاي

ئاتا-ئاننام خاكى بۇ يەردە،
ماڭا بۇ چۆل شۇڭا بەك ئەزىز.
مەن ئوردىغا لايىق ئەمەس! -دەپ،
ئۈزۈر سوراپ، شۇ قىز پۈكتى تىز.

جۈرۈك، ئېلىپ كېتەي يەركەنگە،
سىز ئوردىغا لايىقسىز -لايىق!
ئاتا-ئانا روھى خۇش بولغاي،
گەر خۇش بولسا سىزدىن خالايىق.

ئاق بوز ئاتقا مىڭگەشتى شۇ قىز،
ساتارى بار ئېدى قولىدا.
بىر-بىرىنى سىناشتى ئۇلار،
بېيىت ئېيتىپ يەركەن يولىدا.

***

سۈرلۈك سىپىل، ھەيۋەتلىك ئوردا
تازىم قىلىپ، ئەگدى بېشىنى،
ئالتۇن ھالقا، تىللا بالداقلار
باسالمىدى ھىجران يېشىنى.

بولمىسا زار قىرىق كېنىزەك،
ئۆرۈش ئۈچۈن قىرىق چېچىنى.
ئۇ دەردىنى ساتارغا ئېيتىپ،
تەۋرىتەتتى ئوردا ئىچىنى.

خان بىر كۈنى خاس خانىسىدا
ناۋايىدىن ئوقىدى گۆزەل،
بىر ۋۇجۇدۇن گويا قۇلاق قىپ،
كېيىك كەبى تەلمۈردى گۆزەل.

قولغا ساتار ئېلىپ مەلىكە،
بىر دەقىقە تۇردى سۈزۈلۈپ.
"ئىشرەت ئۆڭگىز" مۇقامىن كۈيلەپ،
خاننى بېھاش قىلدى سېھىرلاپ:

ساڭا يۈز شۈكرى، يارەب، بىزگې پادىشا قىلدىڭ،
پەقىر مىسكىنگە ئابدۇرېشىتخاننى پانا قىلدىڭ.

نەپىسى كېچە ـ كۈندۈز قىل دۇئا تەقەددۇسغا،
كى شاھىڭ ھەققىدا قىلماي دۇئا، گۇنا
قىلدىڭ. . .

تۈن يېرىمدىن ئاشقان بىر مەھەل،
تارلار تىرەپ توختىدى ئىڭراپ.
ئاما يۈرەك تارى جىگىلداپ6
خان بەش ئېگىپ، تۈراتتى تىڭلاپ.
ئۇ ئىلتىجا بىلەن سورىدى
ـ نەپىسى كىم، كىمنىڭ بۇ گەزەل؟
ـ خەقنىڭكىگې ئانچە خۇشۇم يوق،
نەپىسى ـ مەن، ـ دېدى شۇ گەزەل.

رەقىبىگې تىز پۈكمىگەن خان
رەپىقىگە ئەگدى بېشىنى.
شۇ چاغ كۆردى قۇيغان ئۆپكىدەك
قىز كۆكسىگە تامغان يېشىنى.

سلاپ قىزنىڭ سۇمبۇل چېچىنى،
ئېپار ھىدلىق كىردى قوينىغا.
قىزنىڭ نازۇك ئاق بىلەكلىرى
گىرەلەشكەن ئېدى بوينىغا.
يېگى ياڭدىن قەلدى بىر كۈنى،
خان ئاتلاندى يەنە غازاتقا.

ئۆلسەك شېهت، قالساق ـ غازى دەپ،
قامچا ئۇردى ئۇ ئاق بوز ئاتقا.

ياۋغا قارشى ئاتلانەئى ئەرلەر،
دەشتۇچۆلدە ئاتلىق پىيادە.
يان خوشننىڭ ياۋۇزلىغنى
ئۇيغۇر ئېلى تاتتى زىيادە.

كۉن تۆس ئۆتتى، هەپتىلەر ئاندىن،
كەلمىدى هېچ خەت ـ خەۋەر خاندىن.
يولغا قاراپ كەزلەر تېشلدى،
نېمە باردۇر ئېغىر هىيراندىن.
هالقىسدەك سارغايدى كۉتۆپ،
كىمى باردى يارىدىن بۆلەك.
ساتار چېلىپ، كۆڭلنى ئېلىپ،
بولاي يارغا دېدىمۇ يۆلەك.

ئۇيولالدى تەكلىماكانغا،
كۉتۆش مىقتەك پاتقاشقا جانغا.
مازارتاققا يەتكەندە جۇغان،
تەلمۉرگەندى تەشنا هەر يانغا.

يولۇقمىدى يە يولدا يارى،
يامان ئېدى يولنىڭ ئازارى.

بىر چاغ يۇمشاق قۇمدا ئېغىناپ،
دەشتنى باستى ئاچچىق مۇڭ ـ زارى.
كىمگىدۇ ئۇ يېلىنار ئىگراپ،
بولمىغان قۇم كىملەر مازارى؟
ئۇسسۇزلىقنىڭ ئازاۋىن ئاز دەپ،
تۇتقان ئېدى تولغاق ئازارى.

كىمدۇ تېنىن تولغاتتى تالدەك،
كىمدۇ موجۇپ تاتار يۈرىگىن.
ماڭلىينى باسسا سوغاق تەر،
كىمدۇ كۆتەر ئاداققى تىلىگىن...

قۇچۇپ ياتار ئۇ ساتارىنى،
قۇچالمىغاچ يارىن ئارماندا.
كۆرەلمەستىن پەرزەنت ئۈزىنى،
بىھوش ياتار چۆل ـ باياۋاندا.
قۇچۇپ ياتار ئۇ ساتارىنى،
قۇچالمىغاچ ئۇ پەرزەندىنى.
زاكلار زەردەك يوپۇرماق بىلەن.
كۆمدى ئۇنىڭ سۆتتەك تېنىنى.

مازار تاغدىن چىقتى بىر سادا:
—كۆزلىرىڭنى ئاچ، ئامانىنسا؟!
ھازا ئاچسۇن دەمسەن يۇتۇڭنى،

يه خان ئۆلسۇن دەمسەن ئاڭلسا!

ئەكس سادا كەلدى شۇ هازا:
—ئەل بېشغا كەلدى راس قازا!
مۇقام قالغان تۇرسا مراس بوپ،
ئاچماق كېرەك نېمگە هازا؟!
ئۇنى تارلار باغرىغا تېڭىپ،
خەلقى دىلدا ساقلايدۇ دايىم.
مۇقام ئۆلمەس، مۇقامچى ئەسلا،
نېچۈن بۇنچە چەكمەكلىك ۋايىم.
***
بەلكى هازا ئاچتى شۇ منۇت،
كۆز يېشنى يامغۇر قىپ بۇلۇت.
بەلكى جەڭدە قىلىچ چاپقاندەك
كۆكتە سۈرلۈك چاقناپ كەتتى ئوت.

ياۋنى مەرتلەر چېپىپ هارغاندا،
بوران چىقتى دەشتۇ ـ ياۋاندا.
قۇيۇنتۇزدەك هەملە قىلسا قۇم،
بىر ـ بىرنى چاپتى داۋاندا.
بۇ دۇنياغا تويمغان ياۋنىڭ
قۇمغا تولدى ئاخىر كۆزلىرى.
بۈركۈتلەرنى دورىماقچى بوپ،
قۇزغۇنغا يەم بولدى ئۆزلىرى.

بەلكى ياۋنى تۇتتى جۇگاننىڭ
ئاھ ـ نالىسى ، بەلكى قاغىشى .
بەلكى تۇتتى بۇئۇ مەزلۇم ئەلنىڭ
تارىم بولۇپ ئاققان كۆز يېШئى .
***
ئوردىسىغا يانغان غالىپ خان ،
چارى ياققا تاشلىدى نەزەر ،
بارچە بېشىن ئېگىپ تۇراتتى ،
خان قەھرىدىن ئەيلەپ مىڭ ھەزەر .
ئاپپاق ساقال بىر بوۋاي شۇ ئان :
—سولدى! —دېدى ، —ئامانىنساخان!
خان بېشىدا چاقماق چېقىلىپ ،
قەپەزدەك تار تۇيۇلدى جاھان .

يالغان! —دېدى كىرىپ ھوجرىغا ،
تاپالماستىن بولدى سەكپارە .
خەنجەر ئۇرۇپ ئوتلۇق كۆكسىگە ،
قىلماق بولدى مىڭ پارە ـ پارە .

يالغان! —دەتتى تىنتىپ ئوردىنى ،
ئۇنى ئىزدەپ كەتتى دالاغا .
توپ ـ توپ كىشى ماڭدى ئەگىشىپ ،
قالمىسۇن دەپ بىرەر بالاغا .

ئۆزى يەردە، ئۆنى ئەرشە،
پەرۋا قىلماي ماڭاتتى دەشتتە.
كۆردۈڭمۇ؟ —دەپ سوراتتى كۆندىن،
يالۋۇراتتى ئايغا ھەر كەشتە.

ئەلۋىدا دەپ تۇراتتى ئەل-يۇرت،
بىزنى ئۇندىن جۇدا قىلدى دەپ.
خانغا بەرمەك بولار تەسەللا:
جۇدا قىلسا خۇدا قىلدى دەپ!...

يەرۇ-كۆكتىن تاپالماي ئاخىر،
سودايى بوپ كەتتى بىچارە.
ئىشق دەردىگە يوقتۇر ھېچ داۋا،
ئاشىقلىققا يوقتۇر بىر چارە.

كىملەردىن بۇ قالمىغان جاھان،،
نېمە كويغا سالمىغان جاھان.
ئۆلمەيدىغان ھېچ كىشى يوقتۇر،
ئامما مۇقام ياشايدۇ ھامان.
ئەگەر ئۆلسە ئامانىنساخان،
بولار شۇ كۈن ئاخىرقى زامان.

## ھىجران

ھەت كېلىدۇ يىراق ـ يىراقتىن ،
ئىلى سۆيۈپ ئۆتكەن قىرغاقتىن.
خەت كېلىدۇ —بىر دەرت كېلىدۇ ،
ھىجران ئوتىن يېقىپ پىراقتىن.

خەت كېلىدۇ —بىر دەرت كېلىدۇ ،
لەۋلىرىمگە چىشلىتىپ چىلىم.
تولغانماسقا يوقتۇر ئىلاجىم ،
دوستۇم ، دىلنى دەمسەن بېجىرىم.

چوققىلاردا تارىغاندا نۇر ،
كۆكسۈم قېنىپ ئالىمەن ھوزۇر.
يۇت ئىشقىدا ئۆرتەنگىنىمچۇن ،
مەن يەر دەسسەپ يۈرىمەن مەغرۇر!..

ئۇلۇق يولدا كېزىپ يۈرىمەن ،
ئەلنى ئويلاپ يۈرگەچ ، ئۆرىمەن.
ئىشىك ئالدىم غۇلجىنىڭ يولى ،
يولغا قاراپ خىيال سۈرىمەن.

تەلمۈرمەن يولنىڭ كۆزىگە،
قورۇق تىلغان ئۇنىڭ ئۈزىگە.
ئالقىنىمغا ئالسام توپىسىن،
تىلى تىترەپ كەلدى سۆزىگە.

"مەن ئۆمرۈمنى ئاتاپ ئادەمگە،
يىلتىز تاتتىم جىمى ئالەمگە.
ئۆزەڭگىمغۇ يەلكەمدە ئۆستۈڭ،
پۈتكىنى شۇ پاك پېشانەمگە.

مەن موماڭنى يۈرگەن ھاپاشلاپ،
يول كۆرسەتتىم تالاي يول باشلاپ.
بۇ يوللاردا بىر چاغلار بوۋاڭ،
قوشاق قوشقان دېدى كۆز ياشلاپ:

"كۆچمەنلەر كۆچۈپ ماڭدى،
بالا ـ جاقا پىيادە.
قانداق قىلىمىز ئەندى،
تەغدىر بىلەن ئىرادە..."
موشۇ يوللار بەك ئۇلۇق يوللار،
كۈن چىقىشقا تارتىدۇ سوللار.
موشۇ يولدا تۆرت قېتىم كۆچتە...
قاپارغانغۇ تاپانلار، قوللار.

خىيالىمدا نەچچە بارىمەن،
موشۇ يولدا مېڭىپ تالىمەن.
ئېھ، ئاتامنىڭ مۇڭلۇق قەبرىسى
كۆرۈنگەن چاغ، ئۆكسۈپ قالىمەن.

سوقماقلاردىن سوقۇلۇپ ئۆتۈپ،
شىۋاقلارنىڭ ھىدىنى يۇتۇپ.
بارسام مۇڭلۇق قەبىر ئۈستىگە،
ياتقان ئېكەن دادام زار كۈتۈپ.
ئەپسەس، چۆكۈپ كېتىپتۇ قەبىر،
خورلۇقنى ئۇ كۆرگەندۇر جەۋىر.
كۆكرىگىمنى يېقىپ توپىغا،
ئىڭراپ كەتتىم قىلالماي سەۋىر.

ئىندا كەلدى مۇڭلۇق قەبرىدىن:
"ياۋ تەختىگە مەن تاش ئاتقانغۇ!...
ھۆرلۈكنى دەپ، پۈتۈن ناننى دەپ،
ماناستا قار يالاپ ياتقانغۇ...

ئۆمرۈم ئەلگە سۇنۇپ ئۆتتى نان.
نېچۈك بەردىم مۇز ئۈستىدە جان؟
نېچۈك مېنىڭ شورلۇق پېشانام
ئوغلۇم بولساڭ، سىرنى يەش ھامان!" —

ئاتام ئارتۇق پەرىيات ئۇرمدى،
كەپسەنغۇ دەپ، دەرھال تۇرمدى،
ئانامدىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم.
بۇ پېشانەم شۇنچە شورمدى؟!

ماتەم مېنى ئەسرگە ئالدى،
مەلەم ئارتتا مۇڭلىنىپ قالدى.
نېمە گۇنا قىلدىم شۇنچىلىك،
بۇ سەۋداغا سېنى كىم سالدى؟

دادام ئۆلگەن چاغدا كۆز ياشلاپ،
دەئوت ئۈستىگە دەرتنى ھاپاشلاپ.
بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالغانمەن،
دىيارىمنى، يارىمنى تاشلاپ.
ئىچى تاشتەك قاتقان بېشىمنىڭ،
سىڭىپ پۈتمەي بارى يېشىمنىڭ،
ئۆز يۇتۇمدا ئۆگەي بوپ قالغاچ،
باشلانغاندى ئۆمرى قىشىمنىڭ.

مەن كۆزۈمنى ياشلىغان، كەتكەن.
غەمنى يۈك قىپ باشلىغان، كەتكەن.
ئاتا ـ ئانا، تۇغۇلغان يۇتنى
ھېچ ئامالسىز تاشلىغان، كەتكەن.

بۇ يەرلەرگە بەخت بولدى يار.
نېسىپ بولدى كۆرمەكلىك باھار.
خىيال قىلسام، كەتمەس كۆزۈمدىن،
مەن تۇغۇلغان، ئەزىز شۇ دىيار.
بىراق بىر يول كەتكىنىم يوق ھېچ،
ئانام روھى ياتقۇزامدۇ تېچ.
ھايات بولسام شۇنداق كۈن كېلىپ،
ئاتام روھى تۇتقۇزار قىلىچ...

ھادۇق جەڭ قىپ، يۈرگەندە چىقار.
قىساس يېڭىپ كۈلگەندە چىقار!
يۇت كۆيگى بېسىلماس تېخى،
دەردى ئۇنىڭ ئۆلگەندە چىقار.

1963 ـ يىل، ئالمۇتا.

## لوبنۇر پاجىئەسى

ئاڭلا ئالەم، ئېتاي ئەرزىمنى،
ئەل ئالدىدا ئۆتەي قەرزىمنى.
تولغىنىمەن تۉنلىرى تادەك،
ئۆتەلمىگەچ بۇرچۇم-پەرزىمنى.

ئادەم ئەسلى كۆرەي كۉن دەيدۇ،
كۉن نۇرىدىن ياۋلار كۉنلەيدۇ.
يۉرىگىمنى لەختە قان قىلغان
بىر پاجىئە ياز دەپ ئۉندەيدۇ.
***
ئىرغاي ساپلىق كەتمەن دولىدا،
بىر قۇچاق زاك تۇتۇپ قولىدا.
چىغىر يولدا كېلەر بىر ئادەم،
ناخشا ھەمرا ئاڭا يولىدا:

"تاغلارنى ماكان قىلدۇق،
باغلاردىن ئورۇن تەگمەي.
قالغان كۉنىمىز موشۇ،
رەقىپكە بويۇن ئەگمەي.

ناخشا ئېيتىمەن ئۆزەم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۉم.

يۈتۈمدا مۇساپىر مەن،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم!"

***

كىيىۋاپتۇ ئۇ يىتىمچە بەك،
ياشلىغىنا باقماي بەل پۈكۈك.
نېچۈن قەددى پۈكۈك بولمىسۇن،
ئارتىۋاتسا ئەلەم تاغدەك يۈك.

تىلىم ـ تىلىم شىرداق تاپىنى،
يەتتە يەردىن ياماق چاپىنى.
تاڭدىن تارتىپ شامغىچە ئىشلەپ،
ئىش ھەققىچۈن ئالار تاپىنى...

ئادەم ئەسلى بەخت تىلەيدۇ
ئادەم نەسلى ھۆرلىك كىنەيدۇ.
بىر تويۇشنى بەخت بىلگەننىڭ
بەختى لوبنۇر بويىدا تېنەيدۇ.

ئۇ ئاتۇشتىن قىلىنغان سۈرگۈن،

سۈنۈق دىلنى دېمگىن پۈتۈن.
كېلەر ھارغىن لوبنۇر ياقىلاپ،
تېشى پۈتۈن، ئېھ، ئىچى تۈتۈن.

نېتەي ئاخىر مەنمۇ ئاتۇشلۇق،
ئالتۇن ئاتاش سۆزى قوزغار زوق.
ئۆز يۇتىغا ئۆزى پاتمىسا،
نېمە دېگەن زورلۇق-زومبۇلۇق.
ئاخىر ئۇنىڭ نېمە گۇنايى،
مۇستەقىللىق بولسا مۇدايى.
"ئۇيغۇرستان قۇتلۇق ئېلىمىز!.."
دېگىنىچۈن قىلدى سازايى.

ئۇنىڭ يولى كەستى دەھشەت ئۈن،
قارا قۇيۇن بىلەن قوندى تۈن.
بۇ دەھشەتكە گۇۋا بولۇشنى،
خالىماستىن پاتتى، بەلكىم، كۈن.

ئاڭلا ئالەم، ئاتوم يېرىلدى!
گۈل-گىيالار سولدى، قىرىلدىيۇ
گۆرىدە تېچ ياشالماي جەسەت
يەر يېرىلىپ ئۆلۈك "تىرىلدى".
ئوت ئىچىدە قالدى زىمىنى،
كىمدۇ سىقار ئۇنىڭ دېمىنى.

كۆز يېشنى تۆكۈپ، كۆكەرتكەن
غازاڭ بولدى ئۈنىڭ چىمىنى.

سەل نېرىدا يوغان سېدىدەك
ئېتەك يايار قاپ ـ قارا تۈتەك.
نېمە بالا ـ قازادۇر بۇ؟ —دەپ،
تىلغا كىردى موجۇلغان يۈرەك:

"سەن كۆرمىگەن موشۇ قالغاندى
قۇرۇق ئەمچەك —بەختىڭ يالغاندى!
ئاشلىق تەرسەڭ، ئاچلىقنى بېرىپ،
ئەركىڭنى ئۇ قوشۇپ ئالغاندى.
ئۆز ئېلىڭگە ئۆزگىلەر ئېگە!
ئېيتالايسەن ئەرزىڭنى كىمگە؟
ئايلاندى يۇت، سىناق مەيدانغا،
بەرگەن بەختى شۇمۇ خەلقىڭگە؟!

ئايلاندى يۇت سىناق مەيدانغا!
زەرداپ سۇلار ئۆرۈلدى قانغا.
نېمە گۇنا قىلدىڭ شۇنچىلىك؟
ئەرزىڭنى ئېيت جىمى جاھانغا!"

قانچە دەھشەت، ئۇ ئەلدە ياشاش،
ئەر كۆزىدە كۆرمەي ئېغىر ياش.

ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ ، سىلكىنىۋاتقان ،
ئەزىز يەرگە سابىر قۇيدى باش .
يەردىن كەلدى ، بوۋاق نالىسى ،
بۇ ئىڭرىغان كىمنىڭ بالىسى ؟
سەزگۈر يۈرەك بىر شەپە سەزدى ،
هامىلداردى ئۇنىڭ پارىسى .

نېمىسى بار ياردىن بۆلەك ؟
يار تەرەپكە تارتىدۇ يۈرەك .
ئەل قاغايدۇ ، باشقا كۈن چۈشسە ،
بولالمساڭ يارىڭغا يۆلەك .

ياتماق ئارمان دېسەم تاۋۇتتا ،
تولغانمىغان قىل كەبى ئوتتا .
هامىلدارلار كەتمەن چاپىدۇ ،
ئادەم قەدرى بۇلمىغان يۇرتتا .
گۆهەر جۇل ـ جۇل يېرىم يالىڭاچ ،
يوغان كەتمەن چاپار قارنى ئاچ .
"قارا قۇيۇن" چىققان يىللىرى ،
خۇڭۇەيبىنلار قىلغان سولتەك چاچ .

ئون سەككىزگە تولغان يېشىدا ،
ئاق كۆرۈنەر ئۇنىڭ بېشىدا .
ئاڭلا ئالەم! ئاتوم يېرىلدى ،

ئەشۇ قەلەم قاشنىڭ قېشىدا.

بۇ دەھشەتنى ئويلىمىغان ئۇ،
تېخى قېنىپ ئوينىمىغان ئۇ.
كېچ ـ كۈندۈز "چوڭ سەكرەپ" يۈرۈپ،
بىر رەت بەختىن تويلىمىغان ئۇ.
شەھلا كۆزىن يۇمدى تۇغۇتتا،
تېپىرلايدۇ بوۋاق قۇملۇقتا.
بولمامدېكىن بۇنىڭ سورىغى،
قارالمامدۇ بۇ قىلمىش سوتتا؟

بوۋاق ۋاقتى تولماي تۇغۇلدى،
ئەپسۇس ئاچچىق يىغلاپ بولغۇلدى.
ئانا ئۆلدى، ئۈزىن كۆرەلمەي،
شور پېشانە پەرزەنت ئوغۇلدى!
***
كۆز ئالدىدا ياتار پارىسى،
يەرنى يۆگەك قىلغان بالىسى.
قوش قاناتتىن قايرىلغاش قىران،
يەر زىمىننى باستى نالىسى.
ئۇ دەي، تىلى دكۆيىدۇ،
دېمەي دېسە، دىلى كۆيىدۇ.
ئۇنچۇقمىسا ئۆزى ئەر تۇرۇپ،
ئۇنىڭ ئۇلۇق ئېلى كۆيىدۇ.

ئالقىنىغا ئالدى بالىنى،
كىمگە ئېيتسۇن دەردۇ ـ ھالىنى.
ياپما قاپاق ياۋۇزلار خۇشتار —
تۇرسا ئاڭلاش ئۆچۈن نالىنى!...

يوقتى ئۇنىڭ باشقا ئامالى،
تارتىپ تۇرار يارنىڭ جامالى.
ھىجران نېسىپ بولدى بىر ئۆمۈر،
كۆرۈنمەتتى ئاما ۋىسالى.
ئۇ ئۆلۈمنىڭ شەپىسىن تۇيدى،
ئۇ ئۆمۈردىن ئاچ يۈرۈپ تويدى.
پەرزەنتىنى قۇچاقلىغانچە،
ئەزىز يەرگە بېشىنى قويدى.

قوي كۆزىنى يېشى تورىدى،
غەزەپ ئوتى تېنىن ئورىدى.
"يارىسىز ماڭا ياشاش كېرەكمۇ؟"
دەپ، تېڭىرقىپ، يەردىن سورىدى.

ئانا يەردىن كەلدى بىر ئاۋاز:
"بۇ كۆرگىنىڭ تېخى، بالام، ئاز!...
تەبىئەتنىڭ ھۆكمى بىر بىلسەڭ،
قارا قىشنىڭ ئارتى باھار ـ ياز!

"قىزىل قۇياش" تۆككەن "ساخاۋەت"
تەنلىرىمنى قىلدى جاراھەت.
ئاتىمدىنمۇ تېخى يامانراق
"مائوئىزم" يولى جاھالەت!

تىز پۈككىنىڭ —تىرىك ئۆلگىنىڭ!
يادىمدا يوق سېنىڭ كۈلگىنىڭ.
ئۆلسە يارىق ئۆلۈش كېرەكمۇ؟
ئارتۇقمېدى ئەلدىن سۆيگىنىڭ؟!

سەن سادىرىنىڭ نەۋرىسى، بىلسەڭ!
ئازاتلىقنىڭ ئاچقۇچى ئۇ —جەڭ!!!
ئاتومدىنمۇ، خۇدادىنمۇ
كۈچلۈك سېنىڭ غايەڭ ئىرادەڭ.

نامەرت ئايار ئەلدىن كۈچنى،
ئۆلسەڭ دەمدىم كۆمدۈم ئۈچنى؟
سەن ئالمىساڭ، ئەزىز يارىڭنىڭ
كىم ئالىدۇ ياۋدىن ئۆچنى.

كىم ئالىدۇ، سەن ئالمىساڭ گەر؟
غەزىۋىڭنىڭ ئۆزى بىر خەنجەر.
ئالقىنىڭدا تۇرغان ئوغلۇڭ تۇغ!
گەر يىقىلساڭ، يۆلەر ئانا يەر!

***

سابىر يەرنى تىلغاپ تۇردى دەس،
قەست قىلغاننى قىلماق ئۈچۈن پەس.
ئۇ ئوغلىنى تۇغ قىپ كۆتەردى.
نەھرە تارتتى دەپ ئۇ: "يېتەر، بەس!"

بۇ ئاۋازدىن تەۋرەندى تارىم،
يەتكەن چېغى دەپ ئاھۇ-زارىم.
تەڭرى تېغى ھۆكۈردى شىردەك،
ئاڭلىسۇن دەپ قۇتلۇق دىيارىم.

ئۇيغۇرستان ئۈستىدە چېقىن،
ئەل ئاقماقتا بوپ تۆمۈر ئېقىن.
"ئەل قوزغالسا، تەخت قوزغىلار!" —دەر،
زارقىپ كۆپتىن كۈتكەن كۈن يېقىن!...

# داستانلار

## ئۇيغۇر قىزى
(ھەرەمباغ قەھرىمانى رىزۋانگۈلگە بېغىشلايمەن)

زۇمرەت ئاسماندىكى ئالتۇن ھالقا ئاي
ئېرىغان كۈمۈچتەك تۆكەر ئېدى نۇر.
ئىلى ئۇخلار ئېدى بىر مەيۈس چىراي،
كۈمۈچ جىيەك تارتىپ ئۈستىگە بىر قۇر.

بىر سېدە تۈۋىدە، ئەشۇ كېچىدە
بىلىنەر-بىلىنمەس بىر سۋىر-سۋىر.
ئۇلار كىم كېچىدە، مەلە ئىچىدە،
ئۇلار كىم، ئارىدا باردۇر نېمە سىر؟!
گايى ئىككى گەۋدە قالار بىرلىشىپ،
بىر تىنىق ئالغاندەك ئەشۇ قوش يۈرەك.
سېدىگە يۆلىنەر ئاستا سىردىشىپ،
بىر گۈلگە قونغاندەك ئىككى كېپىنەك.

ئۇخلار زەم-زەم سۈيى يۇيغاندەك شەھەر،
تۈن قىزى كۆز قىسار ئويغاق بەھۆزۈر.
كۈمۈچ رەڭ كۆرپىنى يۈركەۋالغان يەر،
كۆرستەر يىگىتنى —بۈركۈت، قىزنى —ھۇر.

ئەسىردىن ئەسىرلەر كەلگەن تولۇن ئاي،
سىدە ئارىسىدا قىزغا قاراتتى.
ھۆسنىگە ھۆسۈننى ئۇ گۆزەل چىراي،
ھۆسۈندار شۇ قىزدىن تېرىپ ئالاتتى.
يىگىت دەر: "رىزۋانگۈل، بىلسەڭ، ئېلىمنىڭ
ھەم بېلى بۈكۈكلۈك ھەم كۆڭلى سۆكۈك.
ئويلا قاچانغىچە كۈتىدۇ دىلىڭ،
بىرەر بەخت بېرەر بىزگە دەپ، ئۇ كۆك.

ئاڭلا، گۈلۈم، گۈللەر غۇنچە ئاچالماي،
بىمەھەل سارغىيىپ توزماقتا يەكسان.
ئاڭلا، گۈلۈم، خەلق تىنىچ ياتالماي،
گومىنداڭ زۇلمىدىن بولماقتا سەرسان.

بەس، ئەندى بۇ ئەلدە ئېتەك يايمىسۇن،
قوتاز تېرىسىدەك قاپ ـ قارا بۇلۇت.
قان ئىچەر جاللاتلار ئارام ئالمىسۇن،
ئەندى ياقماق كېرەك تۈن باغرىغا ئوت!
ئەتە تۈن تەغدىرىن قىلماقچىمىز ھەل،
دۈشمەنگە قاچانغىچە بولىمىز بەندە؟!
بىز سادىر ئەۋلادى، بىز قېدىمىي ئەل،
ئۆتەمدۇ بۇ ئۆمۈر دەرتتە —كىشەندە!...

بۈگۈن ھارپا، ئەتە ئەڭ قاتتىق ئۇرۇش،

"قالساق غازى، ئۆلسەك شېيت"، خەيرى خوش.
ئۇرۇش بولسا —ئۇرۇش! ئۇيات شۇك تۇرۇش،
خالساڭ قانات قاق، بارغىن بولۇپ قۇش..."

مالخىيى قىرلاقلىق قاۋۇلد يىگىتنى
ئۇچەيدەك تار كوچا قوينىغا ئالدى.
—ئاق يول! —دەپ ئۇزىتىپ ئەشۇ رەخمىنى،
شۇ تۈندەك كۆزىگە ياش ئېپ قىز قالدى.
ئاقارغان تونئۇردەك قىزنىڭ ئۆزلىرى،
ئۆچ كۈنلۈك ئاي كەبى قىيلغان قېشى.
بۇگۈن كىم بىلىدۇ ئۇنىڭ كۆزىگە،
سايە سالغان كىرپىكتە قۇرىماس يېشى.

ئىشكنى چەكمەيلا قىز كىردى ئۆيگە،
ياتتى ئۇ، لېكىن ھېچ كەلمىدى ئۇيقۇ.
(كۈزەتچى بولغاندەك خۇددى شۇ تۈنگە)،
تېنىنى تىلاتتى بىر ھەجەپ تۇيغۇ.

خىيالى زەنجىر بوپ ئوراتتى ئۇنى،
ھەسەلگە ئولاشقان ھەرىدەك مەككەم.
بىر-بىرلەپ ئەسلىسە ئۆتكەن ئۆمۈرنى،
قەلبىنى موجاتتى ئېغىر دەرت-ئەلەم.
يادىغا كەلدى ئاھ، زۇلۇم دەستىدىن

سىلىقنى تۆلەلمەي ئۆلگەن بوۋىسى.
قىز تالدەك تولغاندى، نازۇك بەستىدىن،
(قوزغالغاندەك بولدى كونا يارىسى.)

خىيالى سايە سىپ ئۆتەر ئويىدىن،
تاغلارمۇ تاش بولۇپ ئۇگىلىشى مۇمكىن.
تۈن قانچە قاراڭغۇ بولسا، قوينىدىن —
يۇلتۇزلار ئاشكارە يورۇشى مۇمكىن...

توغاچىتەك قىزارغان قىزنىڭ مەڭزىدىن
رەڭ ئېلىپ، رەڭدارلىنىپ ئاتار ئېدى تاڭ.
كۆتەتتى بۇ تاڭنى خەلق ئەزەلدىن،
ياڭراتماق بولۇپ زور جەڭگىۋار ئاھاڭ.
رىزۋانگۈل غۇلاچىتەك تۇم قارا چېچىن،
بېشىغا تۈگدىدە ياسىدى چەمبەر.
ئىنتىزار كۈتتى ئۇ تاڭنىڭ ئېتىشىن،
تۇرغاندەك ئالدىدا ئۇلۇغۋار سەپەر...
***
تاڭ ئېتىپ، ئەزاندا ئېتىلدى بىر ئوق.
ساداسىدىن كۆكنىڭ قۇلىغى پۈتتى.
ئاڭلىماي قالغان ھېچ بۇلۇڭ-پۇشقاق يوق،
لېكىن ئەل ئىككىنچى پاينى زار كۈتتى.

مەرىيەمخان مومايمۇ ئويغاندى دەرھال،

ئۇنى ھەم ئويغاتقان ملتىق ئاۋازى.
"رىزۋانگۈل، جان قىزىم، بۇ قانداقچە ھال؟
نېمە ئىش، ئېيتقىنا، مەن بولاي رازى؟!"

قىز دېدى: "قورقمىغىن، ئانا، قورقمىغىن،
ملتىقنى ئاتماستىن باشقا چارە يوق.
جان ئانا، ئارام ئېپ، يېتىپ ئۇخلىغىن،
سەن بىلەن مەندەككە تۈگمەيدۇ بۇ ئوق.

چۈنكى كۆپ ئېزىلگەن دەرتمەن يۈرەكلەر،
بىلمەن، تاڭ بىلەن كۆتەردى قىقاس.
كۈرەشكە تۈرۈلگەن باتۇر بىلەكلەر
ئەندى يات —دۈشمەندىن ئالىدۇ قىساس.

جان ئانا، رۇخسەت بەر، مەنمۇ قىساسچى،
شۇ تۆمۈر ئېقىمدا ماڭساممۇ ھېساپ.
ملتىقچ ئاتالمىسام، ئاتقان ئەرلەرنىڭ،
قان تامغان تەنلىرىنى تاڭسامدۇ ھېساپ".

موماي دېدى: "راستلا ئەركىنلىك بولسا،
نېمە قاراپ تۇرۇش، بارغىن، ئومىغىم.
بارغىن، شۇ دەم بارغىن، قاتاردىن قالما،
كېرەك بولسا ئالغىن مانا، ئوغىغىم!..

ساڭا يامان كۆزدىن كۆز تەگمىسۇن دەپ،
ئۆيگە ئوت ياققانمەن، تالاغا چىراق.
ساڭا يامان تىلدىن تىل تەگمىسۇن دەپ،
بوينىڭغا تۇمار ئاستىم، جان قىزىم، بىراق —

داداڭنىڭ پاك قېنىنى تۆككەن جاللاتنىڭ
مەن ئۆچۈن ئويۇپ ئال ئىككى كۆزىنى.
تاكى سەن ھېچ قاچان، ھېچ چاغ ئاناڭنىڭ
دەرت دېگىنى باسمىسۇن دېسەڭ ئۆزىنى..."
ئانا ئاق رومالنى تۇتتى كۆزىگە،
قورۇقلار ئۈستىدە تارام ـ تارام ياش.
رىزۋانگۈل ئاستا كېپ، ئانا كۆكسىگە
گوياكى غۇنچىدەك ئېگىپ قويدى باش.

گۈپۈلدەپ ئۇرۇلدى قىزنىڭ يۈرىگى،
مەڭزىدە پاقىرار ھالقا ـ ھالقا نەم.
خۇددى ياز ئەلچىسى سىرېنь گۈلىنىڭ
يوپۇرماقلىرىغا چۈشكەندەك شەبنەم...

قىز ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى تالاغا،
گوياكى ئۇگىدىن ئۇچقان قالغاچ.
ئانا قالمىسېكەن دەپ بىر بالاغا،
ئاق يول ...تىلەپ قالدى ئېچىپ كەڭ غۇلاچ.
دەرياغا دولقۇنلاپ ئاققان ئېرىقتەك،

بىر توپ قوشۇن يۈرەر بولۇپ بىر ھالقا.
ھەممىدە بىرلا ئوي: ئازاتلىق ئېلىش!
قوللاردا بار مىلتىق، ئوغاق ۋە بولقا.

قوشۇن ئۆركەشلىنەر خۇددى دېڭىزدەك،
كۆزلىرى قادالغان بىر ھەيرانباققا.
ھەيرانباغ ئۆگىدەر خۇددى ئېڭىزدەك،
گوياكى ئوخشار ئۇ تىلسىز بىر تاققا.

بۇلاقلار قوشۇلۇپ، دەريا ئاققاندەك،
قوشلار ھەر ياقتىن قوشۇنغا —قوشۇن.
بۇيرۇق كۆتۈپ ياتتى ئۇلار يەر تىرەپ،
خۇددى قېتىپ قالغان كەبى قوغۇشۇن.
تۆرت ئەتراپ ئاق قارغا كۆمۈلگەن پۈتۈن،
گوياكى زەنجىردەك تۇتاش كەتكەن قىر.
قارا سوغ ئىلاندەك سانجىپ نەشتىرىن،
تەنلەرنى ياپراقتەك تىترىتەر دىر-دىر.

بەرداشلىق كۆرسىتىپ چاياندەك سوققا،
ئىسيانكار يۈرەكلەر تۇرار يالقۇنلاپ.
گومىنداڭ لەشكىرىن تۇتقىلى ئوققا،
ئىنقىلاپ قوشۇنى ياتىدۇ پايلاپ...

بىردىنلا بۇيرۇق ھەم بېرىلدى شۇ دەم،

قوشۇنلار بۈركۈتتەك ئېتىلدى ياۋغا.
پوتەيدىن مۆلدۈردەك ياغسىمۇ ئوق ھەم
ئىسيانچى جەڭچىلەر باساتتى ئالغا.

قوشۇنغا لاچىندەك گاڭ قانات پۈتۈپ،
يەرنى تەۋرەتكىدەك "ئالغا، ئالغا!" دەر.
خەلق تالىغان ئېدى بۇ كۈننى كۈتۈپ،
كاشكى، بولسا ئېدى بىرەر تاناپ يەر.

ئەشۇ چاغ بايراقتەك مەغرۇر لەپىلدەپ،
شىر يۈرەك بىر قىران باستى ئالغا تېز.
"قەھرىمان ئاكىلار، بېسىڭ ئالغا!" دەپ،
ۋاقىرار ئاق ياغلىق تاڭغان ئەشۇ قىز.

گوياكى قەھرىمان ئەرلەرگە شۇ چاغ
تۇيۇلدى باتۇر قىز بەرگەندەك مەدەت.
ھۇۋۇلىغان بۆرىدەك يىغلار ھەيرانباغ،
ئىنقىلاپ قوشۇنى كۆتەرگەچكە قەد.

بىرى تا تىزغىچە ئاپپاق قار كېچىپ،
لەڭشاڭدا دەرەقتەك يەرگە غۇلىدى.
بىرى ئۇنىڭ يولىن قەسەم ـ ياد ئىچىپ،
مۇناردەك قەد كېرىپ ئالغا ئۇلىدى.

قاپ ـ قارا بۇلۇتتەك تۇرغان ھەيرانباغ
پەقەت ئۇن يەتكىدەك يەردىلا قالدى.
گومىنداڭ پۇلېمېتى ئوت ئاچقان شۇ چاغ
بايراقلار تۇيۇقسىز مېڭىشتىن تالدى.

ئازاتلىق تۇغىنى يەرگە چۈشەرمەي،
شىرغۇران بىر جەڭچى ئالدى قولىغا.
ئىنقىلاپ قوشۇنى تۇرۇلۇپ —دەۋرەپ،
توسقۇننى بەربات قىپ، يۈكسەلدى ئالغا.
گوياكى كەپتەردەك ئۇچۇپ كەلدى قىز،
يىگىتنى قۇچاقلاپ، سورىدى ئەھۋال.
ئەشۇ قىز جېنىدىن شۇ كۆرگەن ئەزىز
ياردار يىگىتكە ئىزدىدى ئامال.

ياتاتتى مالخايلىق يىگىت كۆز يۇمۇپ،
"رەخىمجان، رەخىمجان!" دەيتتى قىز ھامان.
تاپالماس ھېچ چارە ئاڭا ئاختۇرۇپ،
تولغىنار رىزۋانگۈل چاققاندەك ئىلان.

ئاھ، ئەندى ئۇ يىگىت قېپ قالدى سەپتىن،
ئەندى ھەيرانباققا مىلتىق ئاتالماس.
يۈكسەك ئارزۇلارغا چۈمۈلگەن تېنىن
ئەندى ئۇ كۆتىرىپ، ئالغا باسالماس.
شىددەتلىك قايىنغان جەڭدە ئېدى قىز،

كۆكسدە يەر تىرەپ ئالدىغا ماڭدى.
سەل نېرى ياتاتتى بىر جەڭچى ھالسىز،
دەردىگە دەرمان بوپ يارىسىن تاڭدى.

بېشىغا تېگىلغان ياغلىغىن ئېلىپ،
يارىدار جەڭچىنىڭ قانلىرىن ئېيتتى.
دورىسى تۈگىگەن چاغدا ھەمشىرە،
چاپاندىن پاختا ئېپ، يۆگىدى —سۆرتتى...

ئاپپاق قار بويالدى لالى رەڭ قانغا،
گومنداڭ چېرىگى ئاتار پۇلېمېت.
ئۈچ دانا گرانات ئېلىپ قولىغا
رىزۋانگۈل ئېتىلدى بوپ قىران بۈركۈت.
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سۆيگەن يىگىتى،
لېۋىدىن ئۇچاتتى رەخمىنىڭ ئېتى.
يارىدىن ئايرىلغان يارا يۈرەكنىڭ
گوياكى توپان بوپ يامرار نەپرىتى.

"ئەلۋىدا، ئەل ئۈچۈن، سۆيگەن يار ئۈچۈن!"
دېدى قىز، پۇلېمېتقا ئاتتى گرانات.
شۇ مىنۇت پۇلېمېت توختىدى بىردىن،
چېرىكلەر "ئەييا" دەپ، كۆتەردى پەرياد.

لېكىن قىز ئالدىغا سىلجىپ، يىقىلدى...

ئوڭ قولى بىلەن چىڭ تۇتۇپ يۈرىگىن.
"ئەل ئۈچۈن، يار ئۈچۈن ئالغا" دەپ تىندى،
ئىسيانكار دوستلارغا ئېيتىپ تىلىگىن...
ئۇنىڭ يۈرەك سۆزى، ئۇنىڭ مەرتلىگى
قالدى ئەل قەلبىدە بولۇپ بىر قوشاق.
ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا تۇتقان ياغلىغى
ئىنقىلاپ قوشۇنىغا بولغاندى بايراق.

شۇ بايراق قىپ-قىزىل چوغ بولۇپ پارلاق،
پوتەينىڭ چېكىسىگە گۈل بوپ قادالدى.
گومىنداڭ لەشكىرى بولۇپ تۆرت ئاياق،
بەزگەكتەك تىترىشىپ، تىلىدىن قالدى.

ئىنقىلاپ ئۇتۇغىن قىلدى نامايىش،
ئىلى ئۆلكىسىدە ياڭرىغان قوشاق.
قان بىلەن بويالغان قىزنىڭ ياغلىغى
ئىسيانكار قوشۇننىڭ ئۈستىدە بايراق.

شۇ بايراق رىزۋانگۈل نامىدەك پارلار،
قىز ئانا تۇپراققا كۆلۈپ قويدى باش.
قىپ-قىزىل قانلارغا مىلەنگەن كۆكسى.
مىسالى پېتىۋاتقان ياقۇت رەڭ قۇياش.

ئۆلسىمۇ ئۇ ھايات، ئۇخلىسىمۇ ھەم،

چۈنكى ئۇ تۈنلەرگە يېقلغان چراق.
ئۆلمەس ئۇ مەردان قز، ياشار ئەل بلەن،
ئازاتلق مارشغا بېرەر ئۇ راۋناق.

# خەنجەر

**I**

**رەھىم قىلغىن، تەپمە بۇرادەر،**
**جاپا چەككەن بۇ يەر نەقەدەر.**
**بۇ يەرلەرنىڭ يەلكىسى يېغىر،**
**تەشۋىش بىلەن ئايلانمىسۇن يەر...**

**خىيال مېنى قىلغاندا تۇتقۇن،**
**خىيالىمدىن كەتمەيدۇ شۇ كۈن.**
**چىغىر يولدا كېلىمەن يالغۇز،**
**گىيالارغا قونغان ئېدى تۈن.**

**گۈزەل بولار بۇ چاغلاردا تۈن،**
**سەھرادا تۈن، بۈك باغلاردا تۈن.**
**سۈلار بېيىت، ئۇيىدىمەن،**
**كۆمۈچ چاچلىق تىنك تاغلاردا تۈن.**

**تۈندەك قارا ئېھ، چاچلاردا تۈن،**
**ئېگىز خادا، زور تاشلاردا تۈن.**
**ناز ئۇيقىدا تولغانغان نازۇك**
**كىرپىكلەردە ۋە قاشلاردا تۈن.**

**قىلار بەخت قەلبىمنى مەپتۇن،**

ئۈنتالماسمەن بۇ تۈننى مۈمكىن.
ئىلاجىم يوق، شۈندا ھەم نېتەي،
خىيالىمدىن كەتمەيدۇ شۇ كۈن...

تومۇزدىمۇ دىلغا ياغار قار،
تومۇزدىمۇ تىترەيدۇ دىيار...
تومۇز پەسلى تازا قەلبىمگە
ئۈرۈش سالغان جاراھىتى بار.

II

يەر بولمىسۇن ياۋنىڭ بازارى،
يەرنىڭ ئازمۇ تارتقان ئازاۋى.
يەرنى تەپمە! يەردىغۇ ئاخىر
مېنىڭ جەڭچى ئاتام مازارى...

تۈننىڭ بېلى سۇنغان —تۈن يېرىم،
يالغۇز ئاياق يوللار، ياتار جىم.
نە قىلاي، دوستلار، سىزدىن يوشۇرۇپ،
قەلبىم يارا! ئەمەس بېجىرىم.
مەن يولدىمەن، يول ماڭا غەمداش،
مەن يولدىمەن، يول ماڭا سىرداش.
موشۇ يوللار ئاتام كەتكەن يول،
ئىنسان ئۆمرى يودېكەن، يولداش!

يوللار دىلدا قوزغار ئىشتىياق،
تۇتاشقانغۇ يولدىن بۇ يىراق.
ئاتام ئاتلىق كەتكەندىن بېرى
ئۆيۈمىزدە ئۆچمىدى چىراق.

ئانام مېنى باغرىغا بېسىپ،
كىرپىگىگە ئىئونچاق ياش ئېسىپ،
دېگەن ئېدى: "قويدىغۇ ئۇرۇش
شاتلىغىمنى پىچاق بوپ كېسىپ".
كۆن پېتىشقا ئۇچقۇر ئاتلىقلار
يول ئالغاندا توپا توزىتىپ،
ئانام قالغان تولغىنىپ تالدەك،
ئاتلىقلارنى ئۆكسۈپ ئۇززىتىپ.

كەتكەن چېغى دەتتىم بەيگىگە،
چۈشەنمەستىن زامان پەيلىگە.
توپا ـ چاڭغا كۆمۈلۈپ دەتتىم،
كېلەر، كەتكەن بولسا سەيلىگە.

چۈشسىمۇ ھەم تۈننىك سالقىنى،
تاسقىلاتتى توپا تالقىنى.
يۈگەرگەندىم ئاتلار ئارتىدىن،
كۆتەرگەچكە يەرنىڭ ئالقىنى.

تا قالغىچە قاشمۇ قارىيسپ،
چاپتىم ئاتام بولغىچە غايىپ.
قارىسىنى ياندىم كۆرەلمەي،
ھارغىنىمغا ئۆزەمچە كايىپ.

چولاق تامغا يۆلەنگىنىچە،
ئانام تۇرغان ئېكەن شۇڭغىچە.
مېنى كۆرۈپ يېشىن يوشۇردى،
ئۇخلالمىدى ئاما شۇ كېچە.

سوراپ قويسام ئانام كۆز نەملەر:
نەگە كەتتى ئانا، ئادەملەر؟!
نەگە كەتتى ئۇچقۇر ئات بىلەن،
يەرگە دەرتلىك تەپكەن قەدەملەر.
دەرت دېغىدىن، دوستۇم، دىل پارە،
دىلپارىغا بارمېكەن چارە؟
موشۇ يولدا چۈشكەن قەلبىمگە،
ئەلەم ئوتى قىلار ئاۋارە.

كۈتتىم ئۇزاق، كۈتتىم قانچە كۈن،
كەلمەي قويدى دادام قانچە تۈن.
جۆلۈپ كەتسەم "دادا" دەپ، ئانام —
ئىسرىق سېلىپ ئۆرلەتتى تۈتۈن.

شۇنداق چاغلار سۇرتۇپ سوغ تەرنى،
ياستۇغۇمغا قويار خەنجەرنى.
"ئۇخلا، قوزام داداڭ كېلىدۇ،
تىڭشىغىنا، —دەيتتى ئۇ، —يەرنى".
كۆزۈم ئېچىپ: بۇ خەنجەر مېنىڭ،
دېسەم، دەيتتى: "ئۆرگەلسۇن، سېنىڭ"
ئېيتگىن ئېسىلىپ يەنە
دەيتتىم: ئانا بۇ خەنجەر كىمنىڭ؟!

سېنىڭ دېسە، ئانام ماڭا گەر،
دەيتتىم مېنىڭ ئەمەس بۇ خەنجەر.
كەتكىنىدە ئۇنتۇپىمۇ بۇنى،
ئۇنتۇغاقمۇ دادام شۇ قەدەر؟!

"سېنىڭ ئاتاڭ كەتكەن شۇ كۈنى
ياستۇغىڭغا يوشۇرغان بۇنى.
دېگەن ئېدى: قارا باسمىسۇن،
كۆز قارچۇغۇم، ئەزىز ئوغلۇمنى...
ئۇخلا، قوزام: قەلبىم پارىسى،
ئۇخلا، دەيتتى: كۆزۈم قارىسى.
مەن ئۇخلىسام، ئەزىز ئانامنىڭ
ساقايغاندەك بولار يارىسى...

قۇياش بىلەن تەڭ تۇرۇپ تاڭدا،

سوئال بەرگەن ئېلىم ئانامغا:
"راستىن ئېيتقىن ئانا، خەنجەرنى
كىم بەرگەندى مېنىڭ ئاتامغا".
III
خەنجەر، ئوغلۇم، باتۇرلارغا خاس،
قالغان ئېكەن بوۋاڭدىن مىراس.
خاسىيەتلىك موشۇ خەنجەرگە
سېنىڭ ئاتاڭ باغلىغان ئىخلاس.
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ ئانام شۇنداق دەر،
ئاتا مىراس ئېكەن بۇ خەنجەر.
ساپلىرىغا نەقىش ئويۇلغان،
يالتىراتتى يالاتقاندەك زەر.

كەلسە مىلتىق ئالغاچ كېلەرمۇ؟
ياكى ئاتام ئۇنتۇپ قالارمۇ.
كەلسە ئەتە، ئېگەر ئۈستىگە
دەس كۆتىرىپ مېنى ئالارمۇ؟

دېسەم ئانام تويماي قاراتتى،
شوراپ ـ شوراپ سۆيۈپ ئالاتتى.
پەنجىرىدىن سىلىپ سىرتقا كۆز،
كۆن پېتىشقا قاراپ قالاتتى...

بويىغاندا قۇياش پەرەڭگە،

كۆك ئۇپۇققا يېقىپ سەرەڭگە.
بىر خەت بەردى ماڭا پوچتىچى،
"يەتكۈزگىن! —دەپ، —چاپسان ھەدەڭگە".

تەنگە سىغماي تاشتى شاتلىغىم،
ئانام دەيدۇ ئەندى تاتلىغىم.
ئۆيگە قاراپ چاپتىم، ئالدىمدا
دەريا بولسا كېلەر ئاتلىغىم...

ئوراپ ئالسا شاتلىق تاشقىنى،
غەم-قايغۇنىڭ شۇكەن قاچقىنى.
كۆك كونۋېرتنى بېسىپ كۆكسىگە،
قولى تىترەر ئېدى ئاچقىلى...
دېسەم: ئىسمىم بارمېكەن خەتتى،
دېگەن: "باركەن، بالام، بۇ بەتتە.
ئاتاڭ سۆرۈپ يۈرۈپتۇ ياۋنى،
بېرلىن دېگەن يىراق بىر چەتتە.

—مىڭ ئۆرگىلەي قوشما قېشىدىن،
كۆزى خالى بولسۇن يېشىدىن.
مېنىڭ ئۈچۈن سۆيۈپ قوي! —دەپتۇ، —
ئايرىلمىسۇن خەنجەر قېشىدىن.

دەپتۇ، —قالدى بىر ئاز چالىسى —

يەرنىڭ پۈتۈش ئۆچۈن نالىسى.
پات ـ يېقىندا بارىمەن يېتىپ،
كۆتۈپ تۇرغىن، كۆتكىن ئانىسى...
ئاغامچا بوپ قاقىر رەتمۇ ـ رۇت،
يېزىمىزغا كەلدى تۆرت نوۋەت.
يېتەلمەتتىم تېگىگە ئويلاپ،
ئاتام يازماس بولۇپ قالدى خەت.

پوچتىچىنىڭ يولىغا قاراپ،
كۆنۈم ئۆتەر ئېدى خەت ماراپ.
تېشلىغاندەك بولاتتى كۆزۈم،
سەت كۆرۈندۈم، بەلكىم، خەت سوراپ.

ماڭا تولا قارار ئېدى ئۇ،
ئۇزاق ئويدا قالار ئېدى ئۇ.
كۆزلىرىمدىن دادامنى كۆرۈپ،
بەلكىم، ئەسكە ئالار ئېدى ئۇ.
مەن ئانامغا دەتتىم: جان ئانا،
خەت كەلدىغۇ خوشنىغا بايا.
قىزىق ئېكەن، يەرلەرنى تېپىپ،
يىغلاپ كەتتى قىلماستىن ھايا...

خەت كەلسىمۇ قىلمىدى تاقەت،
نېچۈك ئۇلار شۇنچە "ھاماقەت"!

نەدىن بىلەي، مەن ئۇ چاغ گۆدەك،
بەزى بىر خەت كەلتۈرۈشنى دەرت.

كىنولەر ئۆتۈپ خوشنىمىز كەلدى،
ئوغلىنى ئۇ باغرىغا ئالدى.
تۇرار، ئەپسۇس بىر قول، بىر ئاياق،
بىر ئايىغى نەلەردە قالدى؟!
قاناتلاندىم يېنىغا دەرھال،
مەن قاتلاندىم، كۆرۈپ ئۆزگۈ ھال...
"ئاتام قېنى؟!" —دېدىم، قىسىلدىم،
يەرگە باقتىم بولۇپ مەجنۇن تال.

مۇرەم ئۈزرە قولنى قويدى —
پېشانەمگە، خۇرسىنىپ سۆيدى.
لەۋلىرىدىن چىققان يالقۇندىن،
ئاتام سۆيگەن ماڭلىيىم كۆيدى...

"ئاتام قېنى؟!" —دېدىم يېنىشلاپ،
كۆزى يەرنى قالدى غېرىشلاپ.
خوشنام كەپتۇ نېتەي، ئاقۋەت،
بىر مۇسىبەت، بىر دەرت بېغىشلاپ.
"ئاتاڭ!.." —دېدى تىترىدى لېۋى،
"ئاتاڭ!.." —دېدى پۈكۈلدى بېلى.
قانداق دېسۇن ئاتاڭ ئۆلدى دەپ،

"ئاتاڭ!.." —دېدى تۇتۇلدى تىلى...

IV

مەنغۇ ئاخىر يارىلانغان قۇش،
ئوڭۇممۇ بۇ يە قارا باستى —چۈش؟!
مەن دادامنىڭ ئوتلۇق قىسسىسسىن —
ئاڭلاپ نېچۈك بولمايمەن بىھوش!

ئۇرۇش دېگەن ئاپەت كەلسە گەر،
ئۆمۈر ئۈچۈن ئۆلۈمنى تىلەر.
ئۇرۇش دېگەن ئاپەت ھېمىشەم،
شاتلىق ئۈچۈن پىچىغىن بىلەر.
بېرلىنغا تۇتاشقاندا ئوت...
يەر تەۋرىتەر ئېكەن پۇلېمېت.
مۆلدۈر كەبى ياغار ئېكەن ئوق،
ئوتنى پۈركەپ ئاغزىدىن دزوت.

كۆكنى باسقان قاپ ـ قارا بۇلۇت،
ئاتام سىلجار ئالدىدا دزوت.
يەر بېغىرلاپ ماڭغان دادامغا،
ئوق دەيدېكەن: "ئۆمرۈڭنى ئۇنۇت!"

سەپداشلىرى جىددىي سەپ ساپتۇ.
ئاتام جىم ـ جىت، ئۆلدى دەپ قاپتۇ.

دوستلار غەمكىن ھەسرەت چەككەندە
ئاتام تېنى پارتلاپ ئوت ئاپتۇ.

پۇلېمېتقا، ئېھ، گۆر قازغاندەك،
ئۇرۇلۇپتۇ ئاتام بازغاندەك.
بەربات بوپتۇ شۇندا ۋەھشىلەر،
گويا ئۈششۈك تەككەن ئازغاندەك...

يامغۇر يۇيۇپ قىلىپتۇ پاك تەن،
قۇياش نۇرى بولۇپتۇ كېپەن.
شۇ چاغ ئۇلۇق-كىچىك تىنىپتۇ،
ئاتامنى دەپ بۇ ئەزىز ۋەتەن!..

V

يەرنى تەپمە! مەن بولاي رازى،
يېتىپ ئاشار يەرنىڭ مۇڭ-زارى.
يەرنى تەپمە! يەردىغۇ ئاخىر،
مېنىڭ جەڭچى ئاتام مازارى.

يۇلتۇزلاردىن جىلۋىلىنار كۆك،
ئوغۇللىرىم ئۇخلار بىخۇدۈك.
يېزام جىم-جىت، يالغۇز ئويدىمەن،

مۇنداق بەخت بىزگە تەۋەررۈك.

تاپىمغان مەن ئۇنى يوللاردىن،
تەۋەررۈك دەپ ئالغان قوللاردىن.

بۇ كۆنلەرنىڭ مىنۇتى قىممەت،
بويۇمغىچە تىزغان دوللاردىن...
ئوغۇللىرىم قوزغايدۇ ھەۋەس،
ئۇخلار بەخت شارابىدىن مەس.
دەر ھەقىقەت بىزگە بۇ بەخت،
شۇنچە ئاسان كەلگەننىغۇ ئەمەس.

خەنجەر ياستۇق ئاستىدىن ھەر دەم،
دەيدۇ: "قارا باسمىسۇن بىر دەم!"
مەن دەيمەنكى، ئېغىر نەقەدەر —
پەرزەنت كىرپىگىدە كۆرۈش نەم!

قۇلاق يېقىپ تىڭشا ئەي كىشى!
ئاڭلىنىدۇ يەرنىڭ ئىڭرىشى.
قاچان كېتەر ئىنسان بېشىدىن،
ياۋۇزلۇقنىڭ قانلىق تەشۋىشى.

ئاتوملارنىڭ قىلغان قەستىدىن
مەجرۇھتۇر يەر! كۆرگىن بەستىدىن.

مەن قولۇمنى ئاجراتقۇم كەلمەس،
دوستلار، شۇڭا خەنجەر دەستىدىن...

**1969 ـ يىل، بايسىپىيت.**